# تۇتقۇن (پوۋېست)

ئېزىز ئەيسا

«ئاقسۇ ئەدەبىياتى» 2007 - يىل 3 - سان
تور دىكى مەنبە: ئۇيغۇر تورى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى : مەنزىل گۇرۇپپىسى

1

تۆمۈر تاختايدىن ياسالغان يەر ئاستى ئۆيى ئىشىكىنىڭ قاتتىق تېپىلگەندىكى تاراڭلىغان ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغانغان ئەنۋەر ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى، ئەمما ئاخشامقى قامچا - تاياق، تېپىك، قىيناقلار زەربىسىدىن ئىششىپ تاشتەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن بەدىنى ئىختىيارىغا بارمىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ كۈچۈنۈپ ئورنىدىن تەستە تۇردى.

- ئورنۇڭدىن تۇرۇشە هاراملىقلار!

بالىلارنى مەخسۇس باشقۇرۇشقا، پايلاشقا قويۇلغان، سېرىق، ياپما قاپاق كەلگەن ئابدۇۋەلى ئەنە شۇنداق سېسىق تىللارنى ياغدۇرغىنىچە كۆرەڭلىك بىلەن يەر ئاستى ئۆيىگە كىرىپ كەلدى ۋە قولىدىكى هورنانىنى ئېلېكتىر چىرىغى غۇۋا يورۇتۇپ تۇرىدىغان يەر ئاستى ئۆيىنىڭ بىر تەرىپىگە قويۇلغان شىرەنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى. ئابدۇۋەلى ئاي - يىللاپ تازىلانمايدىغان يەر ئاستى ئۆيىدە گەندە، سۈيدۈك، چىرىندا گۆش، زەيكەش، يەنە نېمىلەرنىڭدۇر سېسىق پۇرىقىنىڭ بۇرنىغا ئۇرۇلغان بەتبۇي هىدىدىن سەسكىنىپ ئېغىز - بۇرۇنىنى قولى بىلەن ئېتىشكە مەجبۇر بولدى، شىرزاتنىڭ تېخىچە قىمىرمۇ قىلماي ياتقىنىنى كۆرۈپ، يەنە ئاغزىنى بۇزۇشقا باشلىدى.

- شىر! هەي شىر! تۇرە ئورنۇڭدىن! ! جالاپنىڭ بالىسى! تۇغۇپ ياتقان قېرى بايتالدەك قىمىر قىلايمۇ دېمەيسەنغۇ، ئاخشام تاناۋۇڭ بوش تارتىلىپ قالدىمۇ نېمە؟

ئۇنىڭ «ئاخشام تاناۋۇڭ...» دېگىنى ئۆز ئاتا - ئانىسى، ئىللىق ئائىلىسى، يۇرتىدىن ئالداپ ئېلىپ كېلىنگەن بۇ بىچارە ئىككى بالىنىڭ «هۈنەر» (يانچۇقچىلىق، ئوغرىلىق...) نى قاملاشتۇرالمىغاندىن كېيىن تارتقان جازاسى كۆزدە تۇتۇلۋاتاتتى. ئالدىنقى كۈنى خوجايىن ۋە چوماقچىلىرى ئەنۋەر بىلەن شىرزاتقا «نېمىشقا پۇل تاپمايسەن؟ بۇ يەرگە بىكار يەپ - ئىچىپ تاماشا قىلىمەن دەپ چىقىشتىڭمۇ؟ ...» دەپ ئۇرۇپ دوزاخنىڭ ئۆزىنى كۆرسەتتى. ئاۋۋال يوغان شامالدۇرغۇچقا ئېسىشىپ پىرقىرىتىشتى. ئەنۋەر بىلەن شىرزاتنىڭ ئۇچەي - باغرى، ئۆپكىسى

ئاغزىغا كەپلىشىپ، ھۆ بولۇپ پۈتۈن ئالەم پىرقىراۋاتقاندەك بولۇپ، نەپەس ئالالماي ئەس - ھوشىنى يوقۇتۇشتى، ئاندىن بىھوش ياتقان باللارنى يالىڭاچلاپ رەھىمسىزلەرچە قامچىلىدى... بەدىنىگە تاماكا يېقىشتى... يەنە نۆۋەت بىلەن تۇز سۈيى... لازا سۈيى سېپىشتى، دۈمبىلاپ تېپىشتى... ئاخىرى قائىدىسى بويىچە كۆنەدە بەش يۈز زىق كاۋاپ ئۆتكۈزۈش ۋەزىپىسى بىلەن بۇ قاراڭغۇ، مەينەتچىلىك باسقان يەر ئاستى ئۆيىگە نەزەر بەند قىلدى...

ئەنۋەر كېچىدىن بۇيان يېنىدا ياتقان شىرزاتنىڭ تېخىچە قىمىرمۇ قىلماي ياتقىنىنى كۆرۈپ ئويغىتىش ئۈچۈن تۈرتۈشكە باشلىدى:

- شىرزات! شىرزات! ـ ئەنۋەرنىڭ قولى شىرزاتنىڭ خېلى بۇرۇنلا سوۋۇپ كەتكەن ئورۇق، ۋىجىككىنە بەدىنىگە تەگكەندە ئۇنىڭ تۈيغۇسى شۇ دەقىقىدە بىر مۇدھىش ئاقىۋەتنى ھېس قىلدى - دە، ـ شىرزات! شىرزات! ـ دەپ تووۋلىغىنىچە ئۇنى ئوڭدىسىغا ئۆرىدى. بىراق شىرزاتنىڭ مۇزلاپ قېتىپ قالغان ئورۇق گەۋدىسى، تۈگۈلۈپ قالغان ئىككى پۇتى تەڭلا ئوڭدىسىغا بولدى.

- ئۇ ئۆلۈپ قاپتۇ! ! ! ـ ئەنۋەر ئۆمچەيگىنىچە ئەلەم بىلەن نىدا قىلدى!

ئابدۇۋەلى ھەيران بولغان ھالدا شىرزاتنىڭ جەسىتىنىڭ يېنىغا كېلىپ جەسەتنى خۇددى دەرەخ كۆتىكىنى تېپىپ يۇمۇلاتقاندەك پۇتى بىلەن ئۇيان - بۇيان ئۆرۈپ باقتى - دە، شىرزاتنىڭ بۇرۇنلا جان ئۈزگەنلىكىنى جەزم قىلغاندىن كېيىن ئالاقزەدىلىك بىلەن ئالدىراپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، خوجايىنغا مەلۇم قىلىش ئۈچۈن يەر ئاستى ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى.

2

ئەنۋەر شىرزاتنىڭ يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئاۋازىنى چىقارماسلىققا تىرىشىپ، گويا جورىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئاق قۇشقاچتەك ئەلەم بىلەن بوقۇلداپ يىغلاشقا باشلىدى. ئەنۋەرنىڭ كۆز ئالدىدىن شۇ تاپتا ئائىلىسىدىكى نامراتلىق، ئانىسىنىڭ رەھىمسىزلىكى، باغرى تاشلىقى،

گۈزەل شاڭخەي شەھىرىدىكى ئۈچ كۈنلۈك خۇشاللىق، ئۇنىڭدىن كېيىنكى قورقۇنچلۇق، ئازابلىق «بازار ئايلىنىش»، ئاخشامقى قامچا - تېپىك... شىرزاتنىڭ كېچىدىن بۇيانقى ئىڭراشلىرى، يىغلاشلىرى... «ئاپا! ... ئاپا مېنى ئېلىپ كېتىڭ! مېنى ئېلىپ كېتىڭ!! مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ!» دېگەن نىدالىرى خۇددى تېلېۋىزور ئېكرانىدىكى ۋەھىملىك كۆرۈنۈشلەردەك بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى...

ئەنۋەر تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى دولان دەرياسى ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان كىچىك بىر شەھەرگە يانداش جايلاشقان يېزىدىكى چالما - كېسەك بىلەن سېلىنغان، ئۆيىنىڭ ئالدىغا قوناق ۋە شال پاخلىدىن چەللە - باراڭ قىلىنغان دېھقان ئائىلىسىدە چوڭ بولدى. ئەنۋەرنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنى ۋە ئەنسىرەيدىغىنى دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ كۆندە دېگۈدەك ئاش - تاماقنىڭ ئورنىدىكى تۈگمەس ئۇرۇش جېدىلى ئىدى. ئەنۋەرنىڭ ھەمىشە ئانىسىنىڭ دادىسىنى تىللىغاندا ئاڭلايدىغىنى: «لامزەللە، يا پۇل تېپىپ ئادەمنى خوش قىلالمايسەن، قاراپ تۇر، مۇشۇنداق بولۇۋېرىدىغان بولسا...» دېگەندەك تەئەددى، ئاچچىق تىل - ھاقارەتلەر ئىدى. دېگەندەك، ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي كۆزدىن غايىب بولدى. ئەزەلدىن كۆپ گەپ قىلمايدىغان دادىسىنىڭ ئۇنى تېخىمۇ ئىچىگە چۈشۈپ، كۈن - كۈنلەپ ئاچچىق موخۇركىسىنى شوراپ غەمگە پېتىپ، ئولتۇرغان ئورنىدا خۇددى يەرگە تىرىكلا كىرىپ كېتىدىغاندەك پۈشۈلداپ كېتىدىغان بولدى. ئاخىرى ئەنۋەر بىلەن سىڭلىسى زەينۇرەنىڭ يىلىنىپ تۇرۇپ: «دادا ئاپام نەگە كەتتى؟ ! نېمىشقا شۇ چاققىچە قايتىپ كەلمەيدۇ؟» دېگەندەك سوراقلىرىدىن كېيىن دادىسى كۆز ياشلىرىنى تۇختىتالمىغان ھالدا: «ئاپاڭلار سىلەرنى... مېنى... ئۆينى تاشلاپ باشقا بىر ئەرنىڭ كەينىدىن يىراققا كېتىپتۇ! ...» دېگەن شۇم خەۋەرنى ئېيتتى. بۇ شۇم خەۋەردىن كېيىن ئەنۋەر گويا ئېگىز بىر ھاڭدىن تېگى يوق ئازگالغا چۈشۈپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ سىڭلىسى بىلەن ئەنۋەرنىڭ باللىقتىكى شاد - خۇراملىققا تولغان گۈزەل، سەبىي چاغلىرى كۆز پەسىلدىكى توزغاقتەك توزۇپ، سىنىپتا دەرسكە دىققەت قىلمايدىغان،

ھەممىشە بەئەينى ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان چۈجىدەك بۇلۇڭ - پۇشقاقلاردا يەككە - يېگانە ھالدا ئاچ - توق، كىر - قاسماق، يېگەن - ئىچكەننىڭ قولىغا، ئاپىسى بارلارنىڭ كۆلكىسىگە قاراپ غەمكىن يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. ئەنۋەر ھەمىشە ئۆزىنىڭ چار مېكىيىنىنىڭ نەلەردىندۇر قۇرت، دان ۋە باشقا ئوزۇقلۇقلارنى ئېلىپ كېلىپ ئوماق چۈجىلىرىنى قانداق كۆيۈنۈپ باقىدىغانلىقىغا قاراپ تەگسىز خىياللارغا چۆمۈپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى ۋە «ئانام بىر ئادەم تۇرۇپ نېمىشقا مۇشۇ توخۇچىلىك بولالمايدۇ؟ ! ! !» دېگەنلەرنى ئويلايتتى. ئازابلىناتتى، ئۈنسىز يىغلايتتى! ! . . .

ئانىسىدىن رەنجىپ ۋۇجۇدى مۇزلىغان ئەنۋەر بىر كۈنى ئەتىگەندە مەكتەپكە مېڭىش يولىدىكى دوقمۇشتا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىۋاتقان ئېلى ئىسىملىك مەھەللىكى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى:

- مەكتەپكە ماڭدىڭمۇ؟ - سورىدى ئېلى.
- ھەئە.
- شۇ سېسىق مەكتەپتىمۇ ئوقۇمدۇ كىشى؟
- ئوقۇماي نېمە ئىش قىلىمەن؟ !
- ئىچكىرىگە چىققۇڭ يوقمۇ؟ ئويناپ پۇل تېپىپ كېلىمىز!

. . .

سۆزىنىڭ جاۋابسىز قالغانلىقىنى بىلگەن ئېلى سۆزىنى يەنە باشقا ياققا بۇرىدى.

- تاماق يېدىڭمۇ؟

شامال ئۇچۇپ تۇرىدىغان ئانىسىز ئۆيدە بىر بۇردا ناننى توغرا چىشلەپلا مەكتەپكە ماڭغان ئەنۋەر ئېرەنسىزلىك بىلەن جاۋاب قايتۇردى:

- ناشتا قىلغان.
- جۇرە تاماق يەيلى، مەن مېھمان قىلىمەن.

ئەنۋەر كۆپ ئويلانمايلا ئېلىنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. ھايال ئۆتمەي كىچىك بىر ئاشخانىدىكى تېزلىك بىلەن كەلتۈرۈلگەن، ھورى ئۆرلەپ مەززىلىك پۇراق تارقىتىپ تۇرىدىغان قورۇما چۆپ ئەنۋەرنىڭ

ئىشتىھاسىنى قوزغىۋەتتى. ئەنۋەر تۇزۇت قىلماي قورۇما چۆپنى يۇدەپ تۇرۇپ ئالدىراشلىق بىلەن ئاغزىغا سېلىشقا باشلىدى.

ئېلى ئەنۋەرنىڭ ئېچىرقىغان ھالدا تاماق يېيىشىگە بىر ھازا قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن سۆز باشلىدى.

- مۇشۇنداق قىيىنلىپ ئاچ - توق يۈرگىچە، گېپىمگە كىرىپ مەن بىلەن ئىچكىرىگە چىقىپ راسا پۇل تېپىپ ئادەمدەك ياشاپ ھەم ئويناپ كېلىشنى ئويلىمامسەن؟

- چىقسام چىقتىم، - ئەنۋەر كەسكىنلا جاۋاب بېرىۋەتتى. ئۇ مۇشۇ دەقىقىدە چاقماق تېزلىكىدە مۇنۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى: «بۇ ھاياتتا، بۇ يۇرتتا ئەمدى سۆيۈنگۈدەك، تارتىشقىدەك يەنە نېمە قالدى؟ ئۆزى، بىچارە سىڭلىسى زەينۇرە ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان تاش يۈرەك ئانىسى ھەممىدىن ۋاز كېچىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. بۇ خورلۇق، جاپا - مۇشەققەت، يوقسۇزلۇق، ئانىسىزلىقنى كىمگە دېگۈلۈك؟ قاچانغىچە تارتقۇلۇق؟» ئىشتىھا بىلەن تاماق يەۋاتقان ئەنۋەر كۆزلىرىگە تېپىپ چىققان ياشلىرىنى تەسلىكتە چاندۇرماستىن توختىتىۋالدى. ئېلى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆز مۇددىئاسىنى ئوچۇقلا دېدى:

- گېپىڭ راستمۇ؟

- راست.

- ئۇنداق بولسا ئىشنى ھازىردىن باشلايلى، سەن مەكتىپىڭگە بارما؟ !

- بولدۇ.

ئېلى ئەنۋەرنى شەھەرنىڭ غەربىدىكى ھەشەمەتلىك بىر قورۇغا باشلاپ ئاپىرىپ، ئالدىن كېلىشىۋالغان «خېرىدارى» غا تاپشۇرۇپ بېرىپ، تاپان ھەققىنى ئالدى - دە، غىپپىدە ئۆز يولىغا راۋان بولدى.

3

ئەنۋەر شىرزاتنى تونجى قېتىم شۇ قورۇدىكى بىر ئۆيدە ناتونۇش ئىككى بالا بىلەن بىرگە تاماكىسىنى قىغىر چىشلەپ تۇرغان ھالەتتە

كۆرگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شىرزاتنىڭ جۇغى ھەممىدىن كىچىك بولسىمۇ، توختىماي قىزىق - قىزىق گەپلەرنى قىلىپ، تاماكىسىنىڭ ئىسىنى بۇرنىدىن ئالاھىدە ماھارەت بىلەن ھەرخىل شەكىلدە چىقىرىپ بالىلارنى كۈلدۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي خۇددى پاختا ئالغان تاغاردەك تولۇق سەمرىگەن، قىسقا، گۆشلۈك بويىنىغا يوغان ئالتۇن بۇلاپكا، دىغماق، سېمىز بىلەكلىرىگە قوشلاپ ئالتۇن بىلەيزۈك، قۇلاقلىرىغا چەمبەر شەكىللىك ئالتۇن ھالقا سالغان ئايال خوجايىن كىرىپ كەلدى - دە، ھازىرلا ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك پولتۇيۇپ چىققان سوغۇق، نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن ھەر بىر بالىغا بىرمۇ - بىر نەزەر سېلىپ چىققاندىن كېيىن سۆزلەشكە باشلىدى:

«ھەممىڭلار ياخشى ھەم ئەقىللىك بالىلار ئىكەنسىلەر. سىلەرنى ئىچكىرىگە ئېلىپ چىقىپ راسا بىر ئوينىتىپ كىرەي، خالىساڭلار كاۋاپچىلىقنى ئۆگىنىسىلەر، بولمىسا ئوينايسىلەر شۇ. ھازىرچە ئەللىك يۈەندىن بازارلىق بېرەي، خالىغانچە خەجلەپ ئويناڭلار، بىراق بۇ پۇلنى خەجلەپ تۇرۇپ ئۆيۈڭلارغا قايتىپ كېتىشكە، ئاتا - ئاناڭلارغا خەۋەر قىلىشقا بولمايدۇ. ئوغۇل بالا دېگەن گېپىدە تۇرۇشى، ماڭغان يولىدىن يېنىۋالماسلىقى لازىم.» ئايال خوجايىن يېنىدا تۇرغان يىگىرمە ياشلاردىكى ياپما قاپاق بىرسىنى پۇل تارقىتىشقا بۇيرىغاچ ئۇنى قىسقىچىلا تونۇشتۇردى، - بۇ ئاكاڭلارنىڭ ئىسمى ئابدۇۋەلى، بۇنىڭدىن كېيىن سىلەر بىلەن بىللە ئوينايدۇ، بازار ئايلاندۇرىدۇ، ھەم سىلەرگە ئاكا بولىدۇ. ئەتە يولغا چىقىسىلەر، بۇندىن كېيىن ھەر قانداق گېپىڭلار بولسا ئابدۇۋەلى ئاكاڭلارغا دەڭلار، ئۇنىڭ گېپىنى ئوبدان ئاڭلاڭلار...

ئابدۇۋەلى ھەر بىر بالىغا ئەللىك يۈەندىن پۇل تۇتقۇزدى. ئەنۋەر تۇنجى قېتىم قولىغا كىرگەن بۇنچە كۆپ پۇلنى كۆرۈپ بەك خوش بولۇپ كەتتى. پۇلنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ تەپسىلىي كۆرۈپ، قاتلاپ پۇرلاپ باقتى. چۈنكى ئۇ مۇشۇ ئون تۆت ياشقا كىرگىچە ئەللىك يۈەن ئەمەس، ئۆزىگە تەۋە بەش يۈەن پۇلنىمۇ تۇتۇپ باقمىغان ئىدى. ئايال خوجايىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئابدۇۋەلى ئۆيدىكى شىرە ئۈستىگە ئۈچ قول قارتا

تاشلىدى - دە:

- ئاغىنىلەر كېلىڭلار، بىكار تۇرغىچە دو تىكىپ قارتا ئوينايمىز. بولمىسا زېرىكىپ قالىمىز، - دەپ ئۆزى قارتا ساناشقا باشلىدى. ئەنۋەرمۇ باللار قاتارى قارتا تىزىشقا كىرىشىپ كەتتى. بىراق بىر نەچچە قول ئوينا - ئويىنمايلا ھەممىسى پۇللىرىنى ئابدۇۋېلىگە ئۇتتۇرۇۋېتىشتى.

- ھەممىڭلار قارتا بىلمەيدىغان گالۋاڭ بىر نېمىلەر ئىكەنسىلەر. بويتۇ، بەش يۈەندىن پۇلۇڭلارنى قايتۇرۇپ بېرەي، قورۇق قول قالماڭلار، تاماكا ئېلىپ چېكەرسىلەر. ئابدۇۋەلى كالپۇكىنىڭ بۇرجىكىگە قىستۇرۇۋالغان پاپىروسىنى شوراپ تۇرۇپ باللارغا بەش يۈەندىن پۇلنى قايتۇرۇپ بەردى. ئۇنىڭغىچە خىزمەتكار ئايال مەززىلىك پوراپ تۇرغان بىر لېگەن پولۇ ئېلىپ كىردى. باللار ئېچىرقىغانلىقتىنمۇ ئېيتاۋۇر، تۇزۇت قىلىشماستىنلا ئاچكۆزلۈك بىلەن پولۇغا تېگىش قىلدى.

تۈن نىسپى باللار قېتىپ ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى. ئايال خوجايىنىنىڭ قايسى بىر ئۆيدىن ئارقا - ئارقىدىن جىرىڭلىغان تېلېفون ئاۋازىدىن كېيىن ھويلىغا بىر ئەر كىرىپ كەلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئابدۇۋەلى باللارنى جىددىي ھالدا ئويغىتىشقا باشلىدى:

- تۇرۇشە! تۇرۇشە ئورنىڭدىن، تېز بولۇش! بەش مىنۇت ئىچىدە تەييار بولۇڭلار، يولغا چىقىمىز. باللار بىر - بىرنى ئويغىتىشىپ تېزلىكتە كىيىنىپ تەييار بولۇشقاندىن كېيىن، قورۇنىڭ ئالدىدا توختىتىپ قويۇلغان قارا رەڭلىك پىكاپقا قىستاشتۇرۇپ چىقىرىلدى. ئەنۋەر كېتىپ بارغان ماشىنا دېرىزىسىدىن ئۆزىگە تونۇش بولغان بۇ كىچىك شەھەرنىڭ ئاسمىنىغا قارىدى. بۇلۇتسىز ئاسماندا سانسىزلىغان يۇلتۇزلار كۆز قىسىشماقتا ئىدى. شۇئان ئەنۋەرنىڭ كۆز ئالدىدا دادىسى ۋە سىڭلىسى زەينۇرەنىڭ غەمكىن چىرايى ھەم باغرى تاش ئانىسىنىڭ سىماسى پەيدا بولدى - دە، ئىختىيارسىز كۆڭلى بۇزۇلۇپ، كۆز ياشلىرى تارامالاپ سىرغىشقا باشلىدى.

بالىلار كىچىك - كىچىك ئۆيلەر بىلەن قورشالغان تۆت چاسا قورونىڭ ئىچىدىكى بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۆيگە قەۋەتلىك كارىۋات قويۇلغان بولۇپ ئەنۇەر بىرگە كەلگەن تۆت بالىدىن باشقا يەنە ئۆزىگە ئوخشاش تەشتۈشلاردىن ئۈچ بالىنىڭ بارلىقىنى كۆردى.

- قايسى يۇرتتىن كەلدىڭلار؟ - ئېغىز ئاشتى كارىۋىتىدا ئوڭدا ياتقىنىچە قولىغا تىخشىغۆچ تىقىۋالغان بىرسى.

- ئاقسۇدىن.

- ئۈچتۇرپاندىن.

بالىلارنىڭ جاۋابى تۈگىگەندىن كېيىن ئۆينىڭ ئىچىنى خىلى بىر ۋاقىتقىچە جىمجىتلىق باستى. سىپسىق تەر، كەندىر ۋە ئاللاھ قانداق مەينەتچىلىك پۇراپ تۇرغان كىچىك بۇ ئۆيدە ئەسلى بار بولغان ئۈچ بالىنىڭ مۇشۇ بىر ئېغىز سوئالدىن باشقا گېپى يوقتەك ئۆز ئىشلىرى بىلەن ھەلەك ئىدى. ئاخىرى بۇ جىمجىتلىقنى ئەنۇەر بۇزدى.

- سىلەر كەلگىلى قانچە ئۇزۇن بولدى.

- ئىككى يىل.

قولىنىڭ بارماق ئۇستىدىكى ئىگىلىشتىنلا يوق بولغان بالا جاۋاب بەردى. ئەنۇەر جاۋاب بەرگۈچىنىڭ ناكا بولغان قولىغا قاراپ كۆڭلى بىر قىسما بولدى. ئەمما ئەنۇەر ئەتىدىن باشلاپ قىلماقچى بولغان كاۋاپچىلىقنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرلىرىنى بىلمەكچى بولۇپ يەنە گەپ كوچىلاشقا باشلىدى.

- كاۋاپچىلىق قىلىپ خېلى ئوبدان پۇل تاپقىلى بولىدىغاندۇ؟

- نېمە كاۋاپچىلىق ئۇ؟ - دەپ ئالايدى قۇلىقىغا تىخشىغۆچ تىقىۋالغان بالا.

- ئوخلاپ چۈش كۆرۈپسەن كالا - كومشا سەھرالىقلار! بۇ يەرگە كاۋاپچىلىق قىلىپ پۇل تاپىمەن دەپ قېلىشتىڭما؟ - ئاللىقانداق زەخمىدىن ئوڭ كۆزى كۆكىرىپ، ئىششىپ كەتكەن يەنە بىر بالا قوشۇمچە قىلدى ھەم ھازىرلا ئۆرۈشىدىغاندەك يوقىرى ئاۋاز بىلەن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، ـ ماڭا قارا بالاڭزا! بۇ يەردە يانچۇق كولايدىغان گەپ.

شۇنداق ئاسان پۇل تاپىدىغان يەر نەدە بار؟ ماڭا دەپ بېرەمسەن يا؟! ئەنۋەر ئۇلارنىڭ سۆزىدىن بېشىغا بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيۇلۇپ كەتكەندەك ئەندىكىپ كەتتى...

ئىككىنچى كۈنى ئابدۇۋەلى بىلەن ئەخمەت قاراماتاق باللارنى ئەگەشتۈرۈپ شەھەرنى قانغۇچە ئايلاندۇردى. ئاسمانغا تاقاشقان ھەيۋەتلىك بىنالار، لىققىدە ئادەملەر بىلەن تولغان شاۋقۇن - سۈرەنلىك، رەتلىك، پاكىزە كوچا - رەستىلەر، بۈككىدە گۈل - چېچەك، بوستانلىق، دەل - دەرەخ بىلەن پۈركەنگەن باغچە، ئىستىراھەتخانىلار... ماشىنىلار خۇددى موكىدەك تىنىماي ئۆتۈشۈپ تۇرغان قوش يۆلىنىشلىك يۇقىرى سۈرئەتلىك ئاسفالت يوللار... قەدەممۇ بىر ئۇچرايدىغان ئاۋات تالللا بازارلىرى... يېڭى كەلگەن تۆت بالىنىڭ خۇشاللىق كەپتىرىنى ھەققەتەن ئېگىز ئاسماندا پەرۋاز قىلدۇردى. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ بىر كۈنلۈك خۇشاللىقى، باللارچە ساددا ئارزۇ - ئىستەكلىرى، بەخۋاشلىقىنىڭ كەينىدە مۇدھىش قارا كۈنلەر، قارا قىسمەتلەر ساقلاپ تۇرغانلىقىنى ئۇلار نەدىن بىلسۇن؟

5

ئابدۇۋەلى، ئەخمەت قاراماتاق ۋە شاپ بۇرۇت، چاقماق رەختتىن تىكىلگەن كەپكىسىنى كۆزىگە چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان سېمىزلىكتىن ساڭگىلاپ تۇرغان يۈز، بويۇن گۆشلىرىدىن تەر ۋە ياغ تامچىپ تۇرىدىغان، ئوتتۇرا بويى، قىرىق بەش ياشلاردىكى بىر ئەر كىشى شۇ كۈنى كەچتە باللارنىڭ ياتالغۇسىغا كىرىپ كەلدى. ئابدۇۋەلى شاپ بۇرۇتنى خوشامەتگۈيلۇق بىلەن تونۇشتۇردى:

- بۇ ئاكىمىز ھەممىمىزنى بېقىۋاتقان، ئوينىتىۋاتقان، بىزگە باش پاناھ بولۇۋاتقان غوجايىنىمىز بولىدۇ، يېڭى كەلگەنلەرگە گېپى بار ئىكەن.

شاپ بۇرۇت قىزىللىق تولۇپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن يېڭى كەلگەن تۆت بالىغا بىر دەقىقە نەزەر سېلىۋەتكەندىن كېيىن بوغۇق ئاۋاز بىلەن

سۆزىنى باشلىدى:

- مېنىڭ تولا ئۇششاق گەپ بىلەن خوشۇم يوق، بۇ يەرگە كېلىش، كۈن كەچۈرۈش، بۇگۈنكىدەك ياخشىراق ئويناش ئۇچۇن پۇل كېتىدۇ! قىسقىسى، پۇل بولمىسا بولمايدۇ. سىلەر تۆتىڭلارمۇ ئەتىدىن باشلاپ پۇل تاپىسىلەر. قانداق پۇل تېپىشنى ئابدۇۋەلى بىلەن ئەخمەت ئاكىلار ئۆگىتىدۇ، ئەمما ئىشىڭلاردا تۇتۇقلاركى، پۇل تاپماسلىقا بولمايدۇ. يەنە شۇنى ئالاھىدە دەپ قوياي، قېچىپ كېتىش خام خيالدا، تاپقان پۇلنى كەم تاپشۇرۇپ ساختىپەزلىك قىلىش ئويىدا بولماڭلار... چوتنى خاتا سوقۇپ، ناۋادا مېنىڭ دېگەن گېپىمگە خىلاپ ئىش قىلساڭلار، مېنىڭ قائىدەمنى، ماڭا قارا سانىغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى مۇنۇ ئاكاڭلار دەپ بەرسۇن...

- ساختىپەزلىك قىلغانلارنىڭ قولى، قاچقانلارنىڭ پۇتى كېسىلىدۇ. ئىشەنمىسەڭلار مانا ماۋۇ تۇرسۇندىن سوراڭلار، - دەپ چۈشەندۈردى ئابدۇۋەلى كۆرەڭلىك بىلەن قولى كېسىۋېتىلگەن بالىنى كۆرسىتىپ.

بالىلار قورقۇنچتىن سەبىي كۆزلىرىنى بىچارىلەرچە مۆلدۈرلىتىپ ئۇچۇقۇپلا كېتىشتى، ئەمما قانچە پۇشايمان قىلغان بىلەن ئالللقاچان كېچىككەن ئىدى.

- ئابدۇۋەلى، مەشقنى ھازىر باشلاڭلار، ھەممە ئىش ساڭا قالدى ھەر كۈنى كەچتە كۆرۈشەيلى.

- خاتىرجەم بولسىلا خوجايىن، ھەممە ئىشلار جايىدا بولىدۇ.

ئابدۇۋەلى خوجايىننى ئۇزۇتۇپ قويغاندىن كېيىن، قايتىپ كىرىپ بالىلارغا قايتىدىن چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

- خوجايىنىڭ «ھەر كۈنى كەچتە كۆرۈشەيلى» دېگىنىنى ئاڭلىغانسىلەر. بۇ ئۇنىڭ «كۈندە كەچتە تاپقان پۇل، ماللار ھېسابات قىلىنىدۇ، كەم پۇلنى جىق تاپسا شۇ مۇكاپاتلىنىدۇ، ئاز تاپقانلار ياكى تاپالمىغانلار جازالىنىدۇ» دېگىنى... چۈشەنگەنسىلەر؟ چۈشەنمىسەڭلار، ئاستا - ئاستا چۈشىنىپ قالىسىلەر؟

ئابدۇۋەلىنىڭ سۆزى تۈگىشىگە ئەخمەت قاراماتاق ئىچىگە تەگكە پۇل

سىلىنغان، پورۇقشىپ قايناپ تۇرغان تۈنىگە داسنى كىچىك گاز ئوچاق بىلەن بىللە بالىلارنىڭ ياتالغۇسىغا ئېلىپ كىردى. گاز ئوچاق ياتاق ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن يەنە ئابدۇۋەلى سۆزلەشكە باشلىدى:

ھازىر مەشىقنى باشلايمىز. بۇ قول كۆندۈرۈش مەشىقى، قولۇڭلارنىڭ تېزلىكىنى ئاشۇرىدۇ، ياخشى ئۆگەنسەڭلار پۇلنى جىق تاپالايسىلەر، — ئابدۇۋەلى بۇ يەرگە ئاۋۋال ئېلىپ كېلىنگەن بالىلارغا قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، قېنى سىلەر بۇ ئۇكىلىرىڭلارغا قولۇڭلارنىڭ تېزلىكىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇڭلار.

بۇرۇن ئېلىپ كېلىنگەن ئۈچ بالا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ماھىرلىق بىلەن قايناپ تۇرغان داستىن تەڭگە پۇللارنى خۇددى سوغۇق سۇ ئىچىدىن ئالغاندەك ئېلىپ تاشلاپ قويۇشتى. ئەمدى نۆۋەت ئەنۋەر، شىرزاتلارغا كەلگەن ئىدى. بالىلار ئاۋۋال قايناۋاتقان سۇ ئىچىدىن تەڭگە ئېلىشنى، يەنە سومكا، يانچۇقلارغا قولنى قاندا سېلىش، سىزىلىپ قالسا قانداق تاقابىل تۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆگىنىشتى. شۇ كۈنى تۈن يېرىم بولغىچە كۆپ ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، يىغى كەلگەن بالىلاردىن شىرزات بىلەن ئەنۋەر ھەر قانچە قىلىپمۇ تەڭگە پۇللارنىڭ كۆپىنچىسىنى قايناق سۇ ئىچىدىن ئۇتۇقلۇق ئالالمىدى، قوللىرى كۆيۈپ، قىزىرىپ ئىششىپ كەتتى.

كېيىنكى كۈنى ئەتىگەندە «ئورۇنلاشتۇرۇش» بويىچە ئىككى يىغى ئۆگەنچى، بىر نازارەتچى بولۇپ ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ «بازار ئايلىنىش» (يانچۇقچىلار بازارغا چىقىپ يانچۇقچىلىق قىلىشنى شۇنداق ئاتىشىدۇ) نى باشلىدى. چولاق ئۇستىسى ساق قولى بىلەن شۇنچىلىك ماھىرلىق بىلەن ھايت - ھۇيت دېگۈچىلىك باشقىلارنىڭ سومكا، يانچۇقلىرىدىن پۇل، يانفون دېگەنلەرنى ئوۋلاپ، نەق مەيداندا «ئۈلگە» كۆرسىتىپ بېرىپ تۇردى. بىراق ئەنۋەر بىلەن شىرزات ئوخشاشلا ھېچ ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمىدى. كىشىلىك ھاياتتا بەزى كىشىلەر ئاق - قارا ھالال - ھارامنى ئايرىماي، ئاخىرقى ھېساباتا بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيالىقنىڭ ئەخلەتلىرىگە ئايلىنىپ ياشىسا، يەنە كۆپلىگەن ئاددىي كىشىلەر تۇرلۇك

سەۋەب بىلەن گەرچە بىر ئۆمۈر نامرات، جەبىرى - جاپا... بىلەن ياشىسىمۇ بىلىپ تۇرۇپ باشقىلارنىڭ ھەققىنى يۇتۇۋېلىش، ئېلىۋېلىشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايدۇ. ھەتتا ئۇنداق قىلىشنى نومۇس، گۇناھ دەپ بىلىشىدۇ. نامرات، ئاق كۆڭۈل دېھقان ئائىلىسىدە چوڭ بولغان ئەنۋەر بىلەن ھالال، پاك باي ئائىلىنىڭ ئەتىۋارلىق شاھزادىسى بولۇپ چوڭ بولغان شىرزات قاراپ تۇرۇپ كۆپكۆندۈزدە باشقىلارنىڭ يانچۇقلىرى، سومكىلىرىغا قول سېلىشنى ئۆز ۋىجدانىغا ئەقلىگە سىغدۇرالمىدى. شۇڭا ئۇلار پۈتۈن بىر كۈن دەككە - دۈككە قورقۇنچ ئىچىدە «بازار ئايلىنىپ» مۇ كەچتە «نەتىجىسىز» قايتىپ كېلىشتى. بازار ئايلانغان تۈنجى كۈنى كەچتە، ئۇلار بىلەن بىللە يېڭى كەلگەن ئىككى نەپەر بالا يامان ئەمەس «نەتىجە» نى قولغا كەلتۈرۈپ ئەللىك يۈەندىن مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئەكسىچە ئەنۋەر بىلەن شىرزات شاپىلاق، تېپىك بىلەن جازالاندى. ئىككىنچى كۈنى ئۇلارنىڭ ھالى تېخىمۇ ناچار بولدى، ئوخشاشلا بازاردىن قۇرۇق قول قايتىپ كېلىشتى. پۈتۈن بىر كېچە - كۈندۈز ئۇلارغا ھېچقانداق يېمەكلىك ۋە ئۇسسۇزلۇق بېرىلمىدى. ئۈچىنچى كۈنىمۇ ئەنۋەر بىلەن شىرزات ھەممە ئىشنى پېشانىسىدىن كۆرۈپ ئاچلىق، قورقۇنچ، ئازاب ئىچىدە كۆپ ئۇرۇنۇپ كۆرسىمۇ، بىر پۇڭلۇق ئولجىنى قولغا كەلتۈرەلمەي يەنە نەتىجىسىز ھالدا ياتالغۇغا قايتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دەھشەتلىك ئۇرۇش، قىيناش جازاسىغا دۇچ كەلدى...

6

ئەنۋەر خېلى بۇرۇنلا تىننىقتىن قالغان شىرزاتنىڭ يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قار - يامغۇر يىغلىدى، تۇگۇلدى، يۈرىكى پارە - پارە بولدى. يەنە تۆمۈر ئىشىكنىڭ تاراقشىپ ئېچىلىشى بىلەن تەڭ يەر ئاستى ئۆيىگە خوجايىن ۋە چوماقچىلىرى ئابدۇۋەلى، ئەخمەت قاراماتاقلار كىرىپ كېلىشتى. خوجايىن ئاتايىن شىرزاتنىڭ يېنىغا كېلىپ بىر ھازا كۆزىتىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن چوماقچىلىرىغا ئەنۋەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، «ئېلىپ چىقىڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلدى. چوماقچىلار ئەنۋەرنى ئىككى

قولىدىن تۇتقىنىچە سۆرەپ دېگۈدەك مەخسۇس تەييارلانغان جازا ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ تاشلاشتى. خوجايىن، ئۇشۇكتە قالغان مورىدىدەك قارىداپ تۇتۇلغىنىچە ئالدىرىماي ئۇستۈنكى كىيىملىرىنى سېلىپ يېرىم يالىڭاچ بولدى. ئۇنىڭغىچە ئىككى چوماقچى خوجايىنىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ، ئۇن - تىنسىزلا ئەنۋەرنىڭ كالتە ئىشتىنىدىن باشقا كىيىمىنى سالدۇرۇپ ئۈلگۈرۈشتى. نورمال ھېس - تۇيغۇسىدىن ئايرىلىپ گاراڭ بولغان ئەنۋەر قۇشخانىغا ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنگەن قوي كەبى نىمجان ھالدا ياتاتتى. خوجايىن تامدا ئېسىقلىق تۇرغان ئېنىشكە پولات سىم قامچىنى قولغا ئېلىپ بىر - ئىككى قېتىم ئويناپتى - دە، سېمىز، كېلەڭسىز بەدىنىگە ماس كەلمىگەن تېزلىك بىلەن ئەنۋەرنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، گەپ - سۆزسىزلا ئەنۋەرنى تەلۋىلەرچە ساۋاشقا باشلىدى. ئەنۋەر باشتا يۈز - كۆزىنى قوغداش ئۈچۈن نالە قىلىپ يىغلاپ، ئىككى قولى بىلەن بېشىنى قامالالاپ، قامچىدىن ئۆزىنى قاچۇرماقچى بولدى، بىراق خوجايىن توختايدىغاندەك ئەمەس. ھەر بىر ئۇرۇلغان پولات سىم قامچا خۇددى ئۆتكۈر قىلىچتەك، ئەنۋەرنىڭ بەدىنىدە ئۇزۇن - ئۇزۇن قانلىق يېرىقلارنى، ئىششىقلارنى پەيدا قىلاتتى، ئەنۋەرنىڭ بەدىنىدىن چاچرىغان قىپقىزىل قانلار يەرگە، تامغا، خوجايىنىنىڭ يۈز - كۆزلىرى، بەدەنلىرىگە چاچراشقا باشلىدى. ئاخىرى بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئەنۋەر داد - پەرياد كۆتۈرۈپ يۇمۇلۇنۇپ قېچىشقا ئۇرۇندى، خوجايىن قوغلاپ دېگۈدەك ساۋايتتى. ئەنۋەر بەرداشلىق بېرەلمەي يىقىلدى ھەم ھالسىزلىنىپ ئاۋازى تەدرىجىي پەسىيىشكە باشلىدى. چىلىق - چىلىق تەرلەپ كەتكەن خوجايىن ھاسىرىغىنىچە ساۋاشتىن توختاپ، يوغان قوللىرى بىلەن ئەنۋەرنىڭ كىچىككىنە گەجگىسىنى قامالالاپ تامغا يۆلەپ قۇيۇلغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزدى - دە، سوراشقا باشلىدى:

- ئېيتە! ئاخشام ساق - سالامەت قالغان شىرزاتنى زادى كىم ئۆلتۈردى؟!

ئەنۋەر بۇ سوئالدىن ھەيران قالدى، «ئەجەبا شىرزاتنى ئۆزلىرى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپ يەنە مەندىن سوراۋاتىدىلىغۇ؟» دەپ ئويلىدى.

ئەمما قورقۇنچتىن ئامالسىزلارچە دۇدۇقلاپ تۇرۇپ جاۋاب قايتۇردى:

- مەن... مەن... بىلمەيمەن... راست.

ھە؟ ! يەنە بىلمەيمەن دەيسەنغۇ؟! شىرزاتنى زادى سەن ئۆلتۈرمەي كىم ئۆلتۈردۇ! ئىككىڭ، پەقەت ئىككىڭلا بىرگە ياتقان تۇرساڭ؟!

- جېنىم خوجايىن، خوجايىن ئاكا، راستىنلا شىرزاتنى مەن ئۆلتۈرمىدىم، ئۇنى مەن نېمىشقا ئۆلتۈرگىدەكمەن؟ !

ئۇنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ قىلغان سۆزى تۈگىشىگىلا خوجايىننىڭ بىر تەستىكى بىلەن يەرگە دومىلاپ چۈشتى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئابدۇۋەلى تاماكا، نەشە تولدۇرۇلغان چىلىمنى كۆتۈرۈپ كىردى، خۇرۇچى ئۆرلەپ، خۇمارى تۇتۇپ تۇرغان خوجايىن ئەنۋەرنى تاشلاپ قويۇپ، زوق ئولتۇرۇپ تەشنالىق بىلەن چىلىمنى شوراشقا باشلىدى. خوجايىننىڭ چىلىمنى ئارقا - ئارقىدىن شوراپ خۇماردىن چىققىنىنى پەملىگەن ئەخمەت قاراماتاق پەس ئاۋازدا:

- ئىسسىق سۇ ئېلىپ كىرەيمۇ؟ يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇۋالاملا؟ ... - دېدى خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن.

- ياق، ئۆزۈم چىقىپ يۇيىمەن، - خۇماردىن چىقىپ كەيپىياتى سەل ياخشى بولغان خوجايىن ئەنۋەرگە قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، - ئەقلىڭنى تېپىپ ئوبدان ئويلىنىپ تۇر، سەل تۇرۇپ دېيىشىمىز. سەن ھارامدىن بولغاننىڭ ئېغىزىنى قانداق ئاچىدىكەنمەن قېنى؟

خوجايىن چىقىپ كەتتى. ئابدۇۋەلى ئەنۋەرنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ، كۆڭۈل بۆلگەن قىياپەتتە:

- ساڭا ئىسسىق جان لازىممۇ؟ - دېدى.

- لازىم، - ئەنۋەر ئاغرىق ئازابىدىن ئىڭراپ نالە قىلىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى.

- ئانداق بولسا نېمىشقا «شىرزاتنى مەن ئۆلتۈردۈم» دېمەيسەن؟

ئەنۋەر ئىسنى يىغىپ بىر نەرسىنى ھېس قىلىپ، «ئەسلىدە ئۇلار شىرزاتنى ئۆرۈپ ئۆلتۈرۈشۈپ ماڭا دۆڭگەپ قويماقچىكەندە؟!» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئابدۇۋەلىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى.

- ماڭا بۇنداق قارىما، مەنمۇ ساڭا ياخشى بولسۇن دەپ شۇنى

دەۋاتــــمەن. ئەگەر بوينــۇڭنى يەنە قــاتتىق قىلــــدىغان بولســاڭ... بولــدى مەن قالغان گەپنى دېمەي.

ئەنــۋەر ھەممىنـــى ئەمـــدى تولـــۇق چۈشـــەندى، بەدىنىنـــىڭ چىدىغۇســـىز دەرىجىـــدىكى ئاغرىققــا چىـــديالماي كــۆزىنى يــۇمغىنىچە ئىڭراشــقا باشــلىدى. خوجــايىن يۆيۈنــۈپ بولــۇپ يەنە ئــۆيگە كىرىــپ كەلــدى ۋە ئەنۋەرنىــڭ ئالــدىغا كېلىپ سوراشقا باشلىدى:

- قانداق، ئويلىنىپ بولدىڭمۇ؟

- ئويلاندىم، كېچىدىن... شىرزاتنى... مەن... مەن ئۆلتۈردۈم!

خوجايىنىنـــىڭ چىرايـــى بىـــردىنلا ئېچىلىـــپ، يـــۈزىگە كـــۈلكە يۈگۈرتـــۈپ سۆزلەشكە باشلىدى:

- مانـــا بولمىـــدىمۇ، بالـــدۇرراق مۇشـــۇنداق دېســـەڭ بولمامـــدۇ؟ بىـــر مـــۇنچە ھـــارام تايـــاقنى ئـــاز يەيتتىـــڭ. ئەمـــدى ھەمـــمە ئـــىش تۈگـــدى دېـــگەن گەپ. قورقمــا، سېنى بىــز ھەرگىــز ســاقچىغا تۇتــۇپ بەرمەيمىــز، ســېنى تېخى قوغـــدايمىز. بىـــر ئـــادەم ســـاڭا بـــۇ خىلـــۋەت ئالەمنـــىڭ چېتىـــدە شـــىرزاتنى نىمىشـــقا ئۆلتـــۈردۈڭ دەپ ئېيتـــىلىشۋالمايدۇ. پەقەت شـــىرزاتنىڭ ئـــۆلكىنى پەم بىـــلەن بىـــر تەرەپ قىلىۋەتىـــسەك، يەنە بـــۇ ســـىرنى ھەممىمىـــز ساقلىســـاقلا بولىدۇ؟ ...

خوجــايىن ئــۆز ھەيۋىســـى، ئەقىــل - پاراســـىتىدىن مەمنـــۇن بولغــان ھالــدا مىيىقىـــدا كۈلـــۈپ، ئەنـــۋەرگە بىـــر ھـــازا قـــاراپ تـــۇرۇپ كەتكەنـــدىن كېـــيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

- ئۇنـــداقتا ئەمدى ئـــاخىرقى يەنە بىـــر گەپ، شـــىرزاتنىڭ ئۆلـــۈكىنى بىـــر تەرەپ قىلىشقا ھەمكارلىشىسەن، بولامدۇ؟

- بولىدۇ.

- گەپنـــى ئوچـــۇق دەي! شـــىرزاتنى ئۆلۈپتـــۇ دەپ مەلـــۇم قىلســـاق، داۋراڭ سالســـاق، ســـەۋەبىنى ســـوراپ، ئۆلتۈرگـــۈچىگە، يەنـــى ســـاڭا ئىسىلىۋېلىشـــتىن يانمايـــدۇ. يەنە كېلىـــپ ئۆلـــۈكنى بـــۇ شـــەھەرگە كۆمـــۈش ئۈچۈنمـــۇ 10 - 20 مـــڭ يـــۈەن خەجلەيـــدىغان گەپ، ســـېنىڭ پۇلـــۇڭ بـــارمۇ؟ يـــوق. شـــۇڭا پەم بىـــلەن پـــاكىز بىـــر تەرەپ قىلمىــز، چۈشــەندىڭمۇ؟ بىــز نىــمە دېســەك شــۇنى قىلســاڭلا

بولدى. سەن پەقەتلا يەنە بۇ سىرنى ئۆمۈر بويى ساقلىساڭلار، «شىرزاتنى مەن ئۆلتۈردۈم» دەپ بىر پارچە ئىسپات يېزىپ بەرسەڭلا ساڭا باشقا دەرد - پەد يوق، ماقۇل دەمدىكەنسەن؟

- ماقۇل، ماقۇل.

ئابدۇۋەلى قەغەز - قەلەم ئېلىپ كىردى، ئەنۋەر تاياق دەستىدىن تىنماي سىرقىراپ ئاغرىپ تۇرغان قان يۇقى قولى بىلەن «شىرزاتنى مەن ئۆلتۈردۈم دەپ ئىسپات يېزىپ بەردى، بىراق ئۇنىڭ كۆزىدىن ياشلار تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى. خوجايىن كۆيىنكىنى كەيگەچ چوماقچىلىرىغا ئىش تاپىلاشقا باشلىدى:

- ھەممە ئىش پۈتتى. ئەخمەت سەن ھازىرلا چىقىپ پىششىقراق يوغان ياالتىراق سومكىدىن ئىككىنى سېتىۋېلىپ كىر، ئابدۇۋەلى، سەن ئاۋۋال بۇ ھارام سۆيدۈكنى يۇيۇندۇرۇشقا بىللە ئېلىپ بار، بىر قۇر كىيىم يەڭگۈشلىسۇن، يەنە قورسىقىنى ئوبداب تويغۇز. ئاندىن ئۆلۈكنى كونا قائىدە بويىچە بىر تەرەپ قىلىشنى چۇشەندۇرۇپ قوي. ئىسىڭلاردا بولسۇن، بۇگۈن چۈشتىن كىيىن دىڭىز بويىغا ئويۇنغىلى بارىمىز.

- ماقۇل.

7

ئابدۇۋەلى ئەنۋەرنى يۇيۇندۇرۇپ ھەم تاماقلاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، بىر قۇتا ھاراق ۋە خاسىڭ، دادۇر دېگەندەكلەرنى ئېلىپ كىرىپ باللار ياتالغۇسىدا سورۇن تۈزدى. ئەنۋەرنىڭ ئۆمرىدە ئۆزىگە سۇنۇلغان تۇنجى رومكىنى دەرھاللا رەت قىلغۇسى بار ئىدى، چۈنكى ئۇ ھاراق دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېغىزىغا ئېلىپ باقمىغان ئىدى. ئەمما بولغان ۋە بولۇۋاتقان ئىشلاردىن بۇلار قىلسەن دېگەننى قىلمايمەن دېيىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەر قانداقى نېمە دېسە ماقۇل دېيىش قارارىغا كەلدى ۋە بىرىنچى رومكىنى كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى. گېلىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ھاراق خۇددى يالقۇنلاپ تۇرغان بىر دەستە ئوتتەك، ئەنۋەرنىڭ ئۈچەي - باغرىنى كۆيدۈرۈپ

ئېچىشتۇرۇۋەتتى. رومكىلا ئوبدانلا ئۈچ قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن، ئەنۋەر چىقىپ، سىرقىراپ ئاغرىۋاتقان بەدىنىدىكى ئاغرىق ئازابى بىردىنلا شىپا تېپىپ قالغاندەك ھېس قىلدى، كەيپىياتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ سۆزمەنلىشىپ، تۇتىنچى رومكىنى سەل لىقلاپ قۇيۇشنى تەلەپ قىلدى، ئەمما ئابدۇۋەلى دەل مۇشۇ پەيتتە ھاراق قويماستىن سۆز باشلىدى:

- يەنە ئىچكۈڭ بارمۇ؟

- مەيلى ئىچسەك...

- ئەمما بىز تېخى خوجايىن دېگەن ئىشنى قىلمىدۇق.

- نېمە ئىشنى؟

- سەن بىلەن مەن شىرزاتنىڭ ئۆلۈكىنى سومكىغا سالدىغان ئىش...

- شىرزاتنىڭ ئۆلۈكىنى سومكىغا سېلىپ نېمە قىلىمىز؟

- نېمە بۇ ئىشلارنى سورايسەن؟ سەنچۇ تولا ئىشلارنىڭ ئۈجۈر - بۈجۈرىنى سورىماي، ئاۋۋال قىل دېگەننى قىل، بولامدۇ؟

- بولىدۇ، بولىدۇ. خوجايىن شۇنداق دېگەن بولسا ئەمسە ھازىرلا سالايلى.

ئەنۋەر ھاراقنىڭ كەيپىدىنمۇ ئەيتاۋۇر ئالدىنقى كۈنلەردىكى ئەنۋەرگە زادىلا ئوخشىماي قالغان ئىدى. ئابدۇۋەلى ئەنۋەرگە سوغۇق تەگدى:

- ئەجەب دوت بىر نېمە ئىكەنسەنغۇ؟ سەنچە شىرزاتنىڭ ئۆلۈكى سومكىغا شۇنداق ئاسان پاتارمۇ؟

- قانداق قىلىمىز؟

- بېشىنى، پۇتىنى كېسىپ سالىمىز...

- كىم كېسىدۇ؟

- سەن كەسمەي كىم كېسىدۇ؟ ئەتىگەندە خوجايىن سورىسا نېمە دېسىڭىز شۇنى قىلاي دەيسەن. ئەمدى تىلىڭنى چاينايسەنغۇ؟ ئەگەر ئىچكۈڭ بولسا «ئىش» نى تۈگىتىپ ئاندىن ئىچىشەيلى.

ئەنۋەر بىر دەقىقە ئۈنسىز ھالدا ئابدۇۋەلىغا قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ئابدۇۋەلىنىڭ نېمە دېيىشىنى بىلەلمىگۈ كارى بولماستىن ھاراق

بوتۇلكىسىنى قولغا ئېلىپ ئۆزىگە تولدۇرۇپ بىرنى قۇيۇپ ئىچىۋەتتى - دە، بوغۇق، غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازى بىلەن:

- ماشايلى! ـ دەپ يەر ئاستى ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئابدۇۋەلى ھېلىگەرلىك بىلەن مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، ئالدىن تەييارلاپ قويغان يوغان يالتىراق سومكا، كەڭ بىسلىق پالتىنى ئېلىپ ئەنۋەرنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى.

ئەنۋەر يەر ئاستى ئۆيىگە كىرىپ شىرزاتنىڭ جەستى يېنىدا، خۇددى شىرزاتتىن ئەپۇ سوراۋاتقاندەك تىزلىنىپ ئولتۇردى - دە، بوغۇلۇپ تۇرۇپ قان - قان يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ ئىچىدە ئۆز - ئۆزىگە خىتاب قىلاتتى: «شىرزات! سەن بىلەن مەن بۇ ئىچكىرىگە نېمە بار دەپ چىقتۇق؟ مۇشۇنداق خورلۇق، مۇشۇنداق كۈن تارتىمىز دەپ چىقتۇقمۇ؟ مۇشۇنداق گۈلدەك ھاياتىمىزنى نابۇت قىلىمىز، بىر - بىرىمىزنىڭ گۆشىنى پارچىلايمىز دەپ چىقتۇقمۇ... ؟» ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ سۆزلەپ كەتتى...

- نېمە. نامىزنى چۈشۈرۈۋاتامسەن؟ گەپ قىلمىسا تېخىچە ئولتۇرۇۋېرەمسەنغۇ؟ تېز بول، ھېلىمۇ مۇشۇ ئىش ئۈچۈن يېرىم كۈن ئاۋارە بولدۇق!

ئابدۇۋەلى سۆزنى تۈگىتىپ، قولىدىكى پالتا، سومكىلارنى تاشلاپ قويۇپ، يەر ئاستى ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى. ئەنۋەر شىرزاتنىڭ مۇزلاپ كەتكەن قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، دەريا - دەريا ئېقىۋاتقان كۆز يېشىنى سۈرتۈپ، پەس ئاۋازدا كەچۈرۈم سوراشقا باشلىدى:

- مېنى كەچۈرگىن، ئەپۇ قىلغىن! بۇ ئالۋاستىلارنىڭ نىيىتىنى، پەيلىنى بىلىسەنغۇ؟ مەن سېنىڭ تېنىڭنى پارچىلىمىسام، مەنمۇ ئۆلسەم بولىدۇ، ئەمدى مەن بولسامۇ ھايات قايتىپ كېتەي. كەچۈر، مېنى كەچۈر، ئۇ ئالەم بۇ ئالەم كەچۈر! ـ ئەنۋەر چالا كەيپىلىكتە شىرزاتنىڭ ھازىرلا خۇددى قاسساپ كانارىدىكى گۆشتەك پارچە - پارچە بولۇپ كېتىدىغان غېرىپ مېيىتىگە، ... ئۆزىنىڭ ئادەملەر قىلسا زادى بولمايدىغان جىنايەتكار بىر ئىشقا مەجبۇرلىنىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت

ئاجىز، بىچارە ھالىتىنى ئويلاپ، ئۆزىگە نەپرەتلىنىپ ئۆزىنى مەسخىرە قىلىپ، ئاۋۋالقى ئىچىنىش، ئازابلىنىش يىغىسى بىردىنلا سوغۇق كۈلكىگە ئالماشتى ۋە شىرزاتنىڭ جەسىتىنى قولتۇقىدىن تۇتۇپ كارىۋاتتىن پەسكە ئېلىپ چۈشتى، كۆينىكىنى سالدۇرۇپ يۈزى بىلەن بويىنىنى ياپتى. ئاندىن قولغا پالتىنى ئېلىپ كۆزنى يۇمۇپ تۇرۇپ، شىرزاتنىڭ بويىنىنى نىشانلاپ ئارقا - ئارقىدىن چېپىشقا باشلىدى. ئەنۋەر كۆزنى ئېچىپ، شىرزاتنىڭ بېشىنىڭ تېنىدىن ئايرىلغانلىقىنى كۆردى. ئاندىن يوتىسىغا نىشانلاپ پالتا ئۇرۇشقا باشلىدى. ئابدۇۋەلى يەر ئاستى ئۆيىگە قايتا كىرىپ كەلگەندە ئەنۋەر شىرزاتنىڭ پارچىلىۋېتىلگەن جەسىتى ئالدىدا ھەيكەلدەك قېتىپ ئولتۇراتتى. ئابدۇۋەلى ئەنۋەرنىڭ ئېسىنى يىغدۇرۇپ، سومكىنىڭ ئاغزىنى ئاچقۇزۇپ، ئۆزى شىرزاتنىڭ پارچىلانغان جەسىتىنى خىش، تاش پارچىلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سومكىغا سېلىشقا باشلىدى...

چۈشتىن كېيىن خوجايىن چوماقچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئەنۋەرنى ئېلىپ، يەنە ئىككى دانە ئوخشاش رەڭ ۋە ئوخشاش شەكىلدىكى يوغان يالتىراق سومكىنىڭ بىرسىگە ئىچىملىك، يېمەكلىك، سېلىنچا قاتارلىق ساياھەت بۇيۇملىرىنى قاچىلاپ، سومكىلارنى ماشىنىغا سېلىپ، دېڭىز بويىغا ساياھەتكە مېڭىشتى...

تەخمىنەن ئىككى سائەتچە يول يۈرۈپ، كۆز پەسىلدىكى گۈزەل شەرقىي دېڭىز بويىغا يېتىپ باردى. مەخسۇس دېڭىز ساياھىتى ئۈچۈن ياسىلىپ، چىرايلىق بېزەلگەن ساياھەت قېيىقىدىن بىرنى ئىجارىگە ئېلىپ، دېڭىز قىرغىقىدىن ئايرىلىشتى. خوجايىن بىلەن چوماقچىلار قېيىق ئۈستىدە قانغۇچە ھاراق ۋە پىۋا ئىچىشتى، گۆش ۋە باشقا ئېسىل نازۇ - نېمەتلەرنى يېيىشتى. خۇددى جانسىز ھەيكەلدەك قېيىقنىڭ بىر بۇرجىكىدە قېتىپ شۈمشىيىپ ئولتۇرغان ئەنۋەر بىلەن شۇ دەمدە ھېچكىمنىڭمۇ كارى بولمىدى. يېقىن ئەتراپتا بۇ قېيىقتىكىلەرگە دىققەت قىلىدىغان ئادەملەر يوقلۇقىنى سەزگەن خوجايىن، ئابدۇۋېلىغا سومكىنى ئىشارەت قىلدى. ئابدۇۋەلى ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا تەپسىلي

قارىۋەتكەنىدىن كېيىن شىىرزاتنىڭ جەسىتى سىېلىنغان سىومكىنى ئىىنجىقلاپ تەسىتە كۆتىۈرۈپ، سىۇلىرى تىنماي چايقىلىپ، لەڭ ئىۈرۈپ تۇرغىان دېڭىزغا قويىۇپ بەردى. سىومكا سىۇ يۈزىىدە سانسىزلىغان ئۇششاق كۆپىۈكچىلەرنى قالىدۇرۇپ چۆكىۈپ كەتتى. بىۇ ئىشىقا مەسىتلىكى خېلىى يېشىلىپ سىىرتتىن پەرۋاسىىز ھالىدا بىۇتتەك قېتىپ ئولتۇرغانىدەك قىلغىان بىلەن يىۈرىكى لەختىە - لەختىە قىان بولىۇپ كەتىكەن ئەنۋەرنىڭ يىغلىۋەتمەسىلىكى ئۈچىۈن ئىۆزىنى ئىاران تۇتىۇپ ئولتىۇرغىنىنى ھېسىابقا ئالمىغانىدا، باشىقا ھېچكىمنىڭ قېتىغىمۇ كىلىپ قويىمىدى. شىۇنداق قىلىپ تېخى ئىون گۈلنىڭ بىرىمۇ ئېچىلمىغىان، گىۈزەل ئۆسىمۈرلۈك گۈلىستانىنىڭ بوسۇغىسىغا ئەمىدىلا قەدەم ئالغىان بىر سەبىينىڭ ھاياتى قولىدىن جىمى يامانلىق، بىالا - قىازا كېلىدىغان، مۇشىۇ تىۆت كۈنلىۈك ھاياتىدا پۇلىدىن باشىقىنى ئويلىمايىدىغان شىۇ بىر تىوپ ئىادىمىي ھىايۋانلار، ئەخلەتلەر تەرىپىدىن خىۇددى چۈمىۈلىنى دەسسەپ ئۆلتۈرگەندەكلا نابۇت قىلىندى.

ئەنىۋەر سىاق بەش كىۈن يەر ئاسىتى ئۆيىىدە ئېلېكتىىر چىىراغ يورۇقىىدا كىۈنگە بەش يىۈز زىقىتىن كىاۋاپ ئۆتكىۈزدى. پەقەت ھىاجەتكە چىققىان ۋاقىتلا كىۈن نىۇرىنى كۆرمىسىە، كۈننىىڭ قاچىان چىقىىپ قاچىان ئولتۇرغىانلىقىنىمۇ بىلمىىدى. ئالىدىنقى كىۈنلەردىكى قىامچىلىنىش، ... شىىرزاتنىڭ جەسىتىنى پىارچىلاش، دېڭىزغىا تاشىلىۋېتىش، بەش كۈنىدىن بۇيىانقى جىازا ھېسىابىدىكى يەكىىكە - يېگىىانە ھالىىدا يەر ئاسىىتى ئىىۆيىگە سىىولىنىپ تىىۇرۇپ كىىاۋاپ ئۆتكىۈزۈش... لەر ئەنۋەرنىڭ يىۈرىكىنى لەختىە - لەختىە قىان - يىرىڭ بىلەن تولىدۇرۇپ، ۋۇجۇدىىدا بىىر ئۆمىۈر سىاقايتىپ بولغۇسىىز يىارا - جىاراھەتلەرنى قالىدۇردى. ئەنىۋەر يالغۇزلۇقتىا، يۈرىكىىدىكى دەرد - ئەلەمىىگە پايلىمىاي، غىايىۋانە ھالىدا شىىرزات بىلەن سۆزلەشىتى، دادىسىى ۋە سىڭلىسىى بىلەن سۆزلەشىتى، يىغلىىدى، ئىۆز - ئىۆزىگە سىۆزلىدى، ئەمما بىۇ يەر ئاسىتى «تۈرمە» زۇلۇمىدىن قاچان، قانداق قۇتۇلغانلىقىغىمۇ ئەقلى يەتمىدى.

بەشىىنچى كىۈنى كەچقىۇرۇن، خوجىايىن ئەنىۋەرنى ئىۆيىگە چىاقىرتتى ۋە تاماكىسىنى شوراپ تۇرۇپ سۇرلۇك قىياپەتتە گەپ باشلىدى:

- سىاڭا باشىقا جايىدىن لىوبەن (خوجىايىن دېمەكچىى) تېپىىپ قويىدۇم.

ئۆزىنىڭمۇ مېنىڭ قېشىمدا ھېچقانداق ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمىدىڭ. ھېلىقى شۇم بولسا ئۆلۈۋالدى، تۆت كۈن ئۆتكەندىن كېيىن سەنمۇ ئۆلۈۋالما يەنە. ئەتە سېنى نەنجىڭگە ئېلىپ كەتكىلى كېلىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن باشقا لوبەنىنىڭ قولىدا ئىشلەيسەن. ھازىر سېنى ئۆيۈمگە چاقىرتىشىمدىكى مەقسەت، ئۇ يەرگە بار ياكى قەيەرگە بار ھېلىقى ئۆلۈۋالغان شۇمنىڭ ئىشى ھەققىدە باشقىلارغا قەتئىي ئېغىز ئاچقۇچى بولما! مەن ئۆزۈڭگە ياخشى بولسۇن دەپ بۇ گەپنى ساڭا ئاتايىن دەۋاتىمەن. ئەگەر بۇ گېپىمنى ئاڭلىماي، بۇ ئىشنى باشقا خەققە تىنىپ يۈرسەڭ شۇنى ئۇقۇپ قوي، ساقچىلار ئىزدەپ كەلسە ئەڭ ئاۋۋال تۇتىدىغىنى، تۈرمىگە كىرىپ ئېتىلىدىغىنى يەنىلا سەن! مېنىڭ قولۇمدا سەن يېزىپ بەرگەن ئىسپات بار. يەنە شۇنىمۇ دەپ قوياي، بىزنى چىشلەپ تارتىمەن دەپ دۆتلۈك قىلىپ يۈرمە! ئەگەر ماڭا قارا چاپلىماقچى بولساڭ، مېنىڭ كىملىكىمنى، قانداق ئادەملىكىمنى، قانچىلىك پۇل، بايلىقىمنىڭ، ئىناۋىتىمنىڭ بارلىقىنى بىلىۋېلىپ سۆزلەرسەن، بىلدىڭمۇ؟

- بىلدىم، بىلدىم لوبەن ئاكا! قەتئىي دېمەيمەن! قەتئىي! ! - قورقۇنچتىن پۇتلىرى ئۇششۇك تەگكەن ياپراقتەك تىترەپ كەتكەن ئەنۋەر كىچىك تەرتىنى تۇتالمىغىلى تاسلا قالدى.

- ئەمسە چىقىپ كۆزۈمدىن يوقال.

8

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئابدۇۋەلى يەر ئاستى ئۆيىدىن ئەنۋەرنى ھويلىغا ئېلىپ چىقتى. ھويلىدا خوجايىن ۋە 40 ياشلاردىكى، چىرايىنى چېبەرقۇت رەختتەك قورۇق بېسىپ كەتكەن، قان دىدارى قالمىغان ئاپئاق يۈزى، ئازراقلا شامال چىقسا، ئۇچۇپ كېتىدىغان قوناق شادىسىدەك ئورۇق تۇرقىدىن چېكەرمەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدىغان ناتونۇش بىر ئەر كىشى تۇراتتى. خوجايىن ئەنۋەر ئېلىپ چىقلىغاندىن كېيىن ھېلىقى ئادەمگە ئەنۋەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

- كۆرگەنسىلەر «چىشقاق» ئاداش (خېروئىن، زەھەرلىك چېكىملىك

ئەتكەسچىلىرى دۆلەت ۋە ئۆلكە ئارا زەھەر توشۇغۇچىلارنى شۇنداق ئىسمى بىلەن ئاتىشىدۇ) ، مۇشۇ شۇم شۇ، دەل سىلى دېگەندەك پۇت - قولى چاققان بۇ ھارامىلىقنىڭ.

- ئۆزۈڭلار شۇنداق دېگەندىكىن ئېلىپ كېتىۋېرەي، مەن ماڭدىم ئەمسە، خوش.

- خوش.

خوجايىن ئەنۋەرنى «چىشقاق» ئىسىملىك ھېلىقى لوبەنگە ئەنە شۇنداق داڭلاپ يۇرۇپ بەش مىڭ يۇەنگە سېتىۋەتتى. ئەمما ئەنۋەر قاسساپ يېتىلەپ قۇشخانىغا ئېلىپ كېتىۋاتقان قويدەك ھېچنېمىنى سەزمىگەن ھالدا ئۆزىنى سېتىۋالغان لوبەننىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ قورۇ ئالدىدا توختىتىپ قويۇلغان «سەنلىڭ» ماركىلىق ھەشەمەتلىك پىكاپقا چىقتى. ئەنۋەرنى ئېلىپ كەتمەكچى بولغان لوبەن ماشىنا ئىچىدە ئەنۋەرگە قاراپ سۆزسىز بىرھازا تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ماشىنىسىنى ئاستا قوزغاپ تۇرۇپ سۆز باشلىدى:

- يۈز - كۆزۈڭدىكى نېمە يېغىر، نېمە ئىششىق ئۇ؟

- ئۇلار. . . ئۇردى!

- ئەسلى پۇل تاپالماي يېگەن تايىقىڭنىڭ ئىزىكەندە؟! شۇنداقمۇ؟ ! مەن دەپ قويماي، مەن سېنى بۈگۈندىن باشلاپ ئون مىڭ يۇەنگە سېتىۋالدىم، ( «چىشقاق» يالغان ئېيتىۋاتاتتى) مېنىڭ قېشىمغا بىر يىمۇ پۇل تاپالمىساڭ، سېنى ئۆلتۈرۈپ گۆشۈڭ بىلەن ئىتىمنى باقىمەن جۇمۇ؟

ماشىنا ئۇچقاندەك كېتىپ بارماقتا، ئەنۋەر خوجايىننىڭ بۇ سۆزلىرىنىڭ چاقچاق بولۇپ قېلىشىنى بەك ئارزۇ قىلغان ئىدى، ئەمما خوجايىن سوغۇق، قانسىز، پۇرلاش يۈزىدە ئازراقمۇ ئىللىقلىقتىن، كۆلكىدىن ئەسەر يوق ئىدى. ئەنۋەر تۈنجى ئېلىپ كېلىنگەن، تاياق - توقماق، زۇلۇم ۋە جىنايەت بىلەن تولغان ئالۋاستىلار ئۇۋىسىدىن قۇتۇلۇپ ئەنجىخغا بارىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، قانداقلا بولمىسۇن يېڭى بارماقچى بولغان ئورۇندىن ئازراق ئۈمىدلەنگەن ئىدى. ئەپسۇس، خوجايىننىڭ ئۆلۈم پۇراپ تۇرىدىغان سوغۇق سۆزلىرى، «سېتىۋالدىم، گۆشۈڭ بىلەن ئىتىمنى

باقمەن...» دېيىشلىرى... دىن ئەنۋەر ئۆزىگە تېخىمۇ چوڭ زۇلۇم، بالا - قازاغا تولغان قارا كۈنلەرنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ھەر كۈنى تولا يىغلاپ، تولا ئېقىپ تۈگەپ كېتەي دېگەن كۆز ياشلىرىنى مىڭ تەسلىكتە توختىتىپ، ئىچىدە ياراتقۇچىدىن بۇ دوزاختىن بالدۇرراق قۇتۇلۇشنى تىلىدى.

يىگىتى خوجايىنى ئۆنى قەدىمىي نەنجىڭ شەھرىنىڭ سىرتىغا جايلاشقان خىلۋەت خالتا كوچىدىكى ئىجارە ئېلىنغان، توخۇ كاتىكىدەك كىچىك بىر ئۆيگە باشلاپ كىرىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

- بۇ سېنىڭ ياتىقىڭ، سەمەت دېگەن ئاكاڭ بىلەن بىرگە ياتىسەن. قائىدە ئوخشاش، ۋەزىپە سەل جىقراق. بولۇپمۇ ۋەزىپىگە، تاپىدىغان پۇلغا چاقچاق قىلما. مەن مۇشۇنچىلىك دەي، قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىلەرسەن. ھازىرلا سېنى بازارغا ئېلىپ چىقىدىغان ئىپارە دېگەن ئاچاڭ كېلىدۇ، بىللە بازارغا چىقىشنى باشلايسەن، شۇ ئاچاڭ ساڭا ھەممىنى ئۆگىتىدۇ. بىلمىگەن يېرىڭ بارمۇ؟

- يوق.

- ماقۇل، ئەمسە تەييار بولۇپ تۇر.

- ...

ھايال ئۆتمەي، ئەنۋەر ساقلاپ تۇرغان ياتاققا، يىگىرمە ياشتىن ئاشقان، زامانغا لايىق مودا كىيىنگەن، ئۇن بەش كۈنلۈك تولۇن ئايدەك سۈتتەك ئاق ھەم سۈزۈك يۇمىلاق يۈزىنى تېخىمۇ نۇرانە كۆرسەتكەن بىر جۈپ قارا قوي كۆزىدىن گۈزەللىك نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدىغان، ئۇنىڭ شۇ گۈزەللىكىدىن ھېچكىم يانچۇقچىلىق قىلىپ پۇل تاپىدۇ دەپ ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغۇدەك چىرايلىق بىر قىز كىرىپ كەلدى - دە، ئەنۋەرنى كۆرۈپ سورىدى:

- يىگىت كەلگەن بالا سەنمۇ؟

- شۇنداق.

- مەن بىلەن ماڭ، بازارغا چىقىمىز.

ئەنۋەر ئۇ قىزغا ئەگەشتى. قىز قورۇسىدىن چىقىپ بولۇپ كەينىگە

بۇرۇلۇپ ئەنۋەرگە سىنچىلاپ تەپسىلىي قارىدى ۋە سۆزلەشكە باشلىدى:

- يۈز، بويۇنلىرىڭدىكى تاياق ئىزلىرىدىن قارىغاندا، خوجايىنغا پۇل تېپىپ بېرەلمەي تاياق يېدىڭ، شۇنداقمۇ؟

- شۇنداق.

- بىزنىڭ بۇ بەڭگى خوجايىن سەندەك بىر پۇل تاپالمايدىغان يارامسىزنى سېتىۋېلىپ تازا قويۇلۇپتۇ - دە؟ ! سەن ئېيتىپ باقە! ئۆزۈڭنىڭ بۇ يەردە «بازار ئايلىنىپ» پۇل تېپىشقا ئىشەنچىڭ بارمۇ؟

...

- پۇل تاپالمىساڭ بۇ يەردە ھەركۈنى تېخىمۇ قاتتىق تاياق يەيسەن. سەن بىزنىڭ خوجايىن ۋە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئاچچىقىنى، خۇي - پەيلىنى بىلمەيسەن، ئاچچىقىنى كەلتۈرگەن بولساڭ خۇددى غالجىر بولۇپ قالغان ئىتنىڭ ئۆزى بولىدۇ. تىرىك كۆمۈۋېتىشتىن يانمايدۇ.

- مەن... مەن... ئەزبىرايى خۇدا، پەقەت بۇنداق... بۇنداق... قىلىپ پۇل تاپالمىدىم، قەتئىي ئەپلەشتۈرەلمىدىم.

- ئۇنداقتا ئەمسە تاياقتىن ئۆلۈپ كەتكۈڭ بارمۇ؟ !

...

سەن ئەڭ ياخشىسى پۇل تاپالمىدىم، ئەپلەشتۈرەلمىدىم دەپ ئېغىزىڭنىڭ سۆيىنى قۇيۇپ ئولتۇرماي، مەندىن ياخشى ئۆگىنىپ پۇل تاپ، قالغان ئىشلار ئاستا - ئاستا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، بىلدىڭمۇ؟

ئەنۋەر ئىچكىرىگە چىققاندىن بۇيان بۇ يەردە يانچۇق كولاپ جان باقىدىغانلار ئىچىدە، تۈنجى قېتىم ئۆزىگە سەمىمىي، سىلىق، باراۋەر مۇئامىلە قىلغان بىر ئادەمنى كۆرۈپ تەسىرلەنگەنلىكىدىن يىغلىۋېتىشكە تاس قالدى. شۇ كۈنى چۈشتى كېيىن ئەنۋەر بىلەن بازار ئايلانغان ئىپارە «ھۈنەر» بىرىنى چىقىرىپ، ھايت - ھۇيت دېگۈچىلا ئۈچ نەچچە يانچۇق، سومكىلارنى «پاكىزلاپ» خىلى جىق ئولجىنى قولغا كەلتۈردى. بازاردىن قايتىدىغاندا ئىپارە، تۆت يۈز يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى ۋە بىر يانفوننى ئەنۋەرگە تۇتقۇزۇپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

- ئەسلى سەن بۈگۈن بىر پۈتمۇ تاپالمىدىڭ، مۇشۇ پېتى ياتاققا

قايتىساق خوجايىنىدىن ئۆلگۈچە تاياق يەيدىغان گەپ، شۇڭا كەچتە «بۇ پۇللارنى تاپتىم» دەپ خوجايىنىنىڭ قولىغا تۇتقۇز. يەنە دۆتلۈك قىلىپ مېنى بەردى، دەپ قويما.

- ماقۇل...

خوجايىن ئەنۋەر تاپشۇرغان پۇلنى كۆرۈپ باشقا گەپ قىلمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ تۇنجى قېتىم ئېرىشكەن ھمايىچىسىنىڭ ئىلتىپاتىدىن كۆڭلى باشقىچە تەسەللىي تېپىپ، بىر ئاخشام تاياقتىن قۇتۇلۇپ قالدى. كەچتە ئۇخلاش ئۈچۈن ياتاققا كىرگەندە، ياتاقتا ئوتتۇز ياشلاردىكى تەتۈر ئۆستىخان، قارامتۇل، چوقۇر يۈزىنى ئۆششاق دانىخورەك بېسىپ كەتكەن، يەكچەشمە بىرسى نەشە تولدۇرۇلغان غاڭزىسىنى شوراپ ئولتۇراتتى.

- مېنىڭ ئىسمىم سەمەت - دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى، ئۇ ئەنۋەرنى كۆرۈپ قولاشمىغان يېقىنچىلىق بىلەن.

- خوجايىن، سەمەت ئاكاڭ بىلەن بىر ياتىسىلەر - دەپ تونۇشتۇرغان.

- ياخشى، ئۇنداقتا چىقىشىپ ئۆتەيلى.

- سىز بۇ يەرگە كونا بولغاندىن كېيىن كۆپرەك ئاتىدارچىلىق قىلارسىز.

- ئەلۋەتتە، ھمايىچىڭ بولمەن دېگەنە... شۇڭا سەنمۇ مەن نېمە دېسەم ماقۇل دە!

ئەنۋەر سەمەتنىڭ سۆزىگە بەك ئېرەن قىلىپ كەتمەيلا:

- پەقەت بوزەك قىلمىسىڭىزلا بولدى، - دېدى.

ئەنۋەر ھارغىنچىلىقتا ئۆزى ئۈچۈن تەييارلانغان كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ، ئۇخلاش ئۈچۈن ياتتى. سەمەت نەشە تولدۇرۇلغان غاڭزىسىدىكى قالدۇقلارغا ئوت يېقىپ، تازا بىر - ئىككى قېتىم شورىۋەتكەندىن كېيىن ئېلېكتىر چىراغنى ئۆچۈرۈپ «پاراڭلىشىپ ياتايلى» دېگىنىچە، ئۇدۇل ئەنۋەرنىڭ يېنىغا قىستىلدى. سەمەت يوغان - يوغان تىنىپ ئەنۋەرنىڭ يېنىدا بىر ھازا ئۈن - تىنسىز ياتقاندىن كېيىن، بىر قولىنى ئەنۋەرنىڭ كالتە ئىشتىنى ئىچىگە كىرگۈزۈپ، ئەنۋەرنىڭ سۆڭگىچىنى ئاستا - ئاستا

سىلاشقا باشلىدى. ئەنۋەر چۆچۈپ سەمەت تەرەپكە ئۆرۈلۈپ:

- نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز سەمەت ئاكا! مەن ئوغۇل بالا تۇرسام! ـ دېدى.

- مەن... مەن شۇ ئوغۇل بالىنىڭ شۇ يېرىگە ئامراق، بىردەم جىم يېتىپ بەرسەڭ بولىدىغان گەپقۇ؟ ئۆزۈڭ ھېلىلا، نېمە دېسەڭ ماقۇل دەيمەن دېگەنتىڭغۇ؟

- سىز ساقمۇ؟ نېمە بولدىڭىز!

- ئەمسە بىر قېتىملىقىغا ئەللىك يۈەندىن بەرسەمغۇ ماقۇل دەرسەن!

- تولا ساراڭ بولماڭ! ئېغىزىڭىزغا بېقىپ سۆزلەڭ!...

ئەنۋەرنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا سەمەت يوغان، كۆچلۈك قوللىرى بىلەن ئەنۋەرنىڭ ئېغىزىنى ئەتتى - دە، يەنە بىر قولى بىلەن ئەنۋەرنىڭ پۇتلىرىنى پۈكلەپ دۈم ياتقۇزماقچى بولدى. ئەنۋەر ئىشىنىڭ چاتاقلىقىنى پەملەپ، گەرچە ئاۋازىنى چىقىرالمىسىمۇ، پۇتۇن كۈچى بىلەن تىپچەكلەپ ئۆكدىسىغا ئۆرۈلمەكچى بولدى. ئۆي ئىچىدىن تۆمۈر كارىۋاتنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازى ۋە گۈپۈرلىگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا بۇ كىچىك ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ سىرتىدىن قاتتىق ئۇرۇلغان ئاۋاز ۋە ئېيارەنىڭ:

- ھەي سەمەت، ئىشىكنى ئاچ دەيمەن! سەمەت جۇمۇ، ئۇ بالىنى بوزەك قىلما! ئىشىكنى ئاچ! ـ دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەمما ھايۋانىي ھەۋىسى قوزغىلىپ كەتكەن سەمەت بولدى قىلىدىغاندەك، ئىشىكنى ئاچىدىغاندەك ئەمەس. ئاخىرى ئېيارە كۈچىنىپ تۇرۇپ سىرتىدىن ئىشىكنى ئىككى - ئۈچنى تېپىۋىدى، ئىشىك ئىچىدىكى ئىلغۇچ يۇلۇنۇپ ئىشىك ئېچىلىپ كەتتى. ئېيارە ئېلېكتىر چىرىغىنى ياندۇرۇپ، ئۆزىگە يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە بىزەڭلەرچە قاراپ تۇرغان سەمەتنى ۋە ئۆز كارىۋىتىدا قورقۇنچتىن بىچارىلەرچە تۈگۈلۈپ تىنماي، ھېقىقداپ يىغلاۋاتقان ئەنۋەرنى كۆردى. ئاچچىقىغا بەس كېلەلمىگەن ئېيارە سەمەتنىڭ ياقىسىدىن ئالدى - دە، ئۆزىدىن ياش جەھەتتىن چوڭ، كۆچلۈك بولغان سەمەتنىڭ يۈزىگە «قارسىسىدە» قىلىپ بىر شاپىلاق سېلىۋەتتى،

ھەم زەردى بىلەن دېدى:

- ھۇ بەچچىۋاز! ھەزىلەك! چوشقىنىڭ كۈچىگى! مۇشۇ كوچىدىن بەش يۈز مېتىر نېرىغا بارساڭ ئاياللىدىن مىڭى دېسەڭ تېپىلىدۇ. خۇدايىمنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ، مۇشۇ ئوغۇل بالىغا چېقىلىپ ئۆزۈڭگە ئوخشاش بۇ بالىنىمۇ نابۇت قىلمىساڭ بولمامدۇ؟

سەمەت شاپىلاق تەگكەن يۈزنى سىلاپ تۇرۇپ گەپ ياندۇردى:

- ئۆزۈڭگە قويدۇرماقچىمىدىڭ، بۇ شۇمنى شۇنچە ھىمايەڭگە ئېلىپ!

سەمەتنىڭ بۇ گېپىدىن ئەرۋايى قىرىق گەز ئۆرلىگەن ئېپارە ھەر دائىم يېنىدىن ئايرىمايدىغان، ئاپتوماتىك ئېچىلىدىغان پىچىقىنى چىقىرىپ ئۇنىڭ گېلىغا تىرەپ تۇرۇپ زەردە بىلەن دېدى:

- يەنە بىر دېگىنە شۇ گېپىڭنى! ۋاي بەچچىۋاز! يەنە بىر دېگىنە! بوغۇزلىۋېتىپ قېنىڭنى ئىچمەن جۇمۇ ھېلى!

ئېپارەنىڭ قەھرىنى كۆرگەن، ھەم بۇ قورۇدىكى ھەممە ئادەم چوڭ بىلىدىغان، ھەتتا خوجايىنمۇ ئالاھىدە ئەتىۋارلايدىغان ئۇستىكار ساھىبجامالنىڭ نوچىلىقىنى، بىخسىنى ياخشى بىلىدىغان سەمەت بىرەر پېشكەللىككە يولۇقۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ دەرھاللا ھەممىنى قايرىپ قويۇپ يىلىنىشقا باشلىدى:

- خاپا بولماڭ خان ئاچا! خاپا بولماڭ! مەن خاتا قىپتىمەن، خاتا سۆزلەپ قويۇپتىمەن، ئەپۇ سوراي، خاپا بولماڭ!

ئۆزىنىڭ بارلىق ئادىمىيلىكى، نورمال ئىنسانىي تۇيغۇسى، شەرمى - ھايا، غۇرۇر - ۋىجدانىنى يوقاتقان بۇ ئازغۇن، شۇ تاپتا پۈتۈن سۈرۈك بىر ئەر بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر ئاياللىدىن قورقۇپ تۇرۇپ ئەنە شۇنداق تىترىگەن ھالدا كەچۈرۈم سورىماقتا ئىدى. ئېپارە شۇندىلا ئاچچىقىنى سەل بېسىۋېلىپ، پىچاقنى سەمەتنىڭ كۆزىگە تەڭلەپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

- يەنە ماڭا نوچىلىق قىلىپ قالايمىقان سۆزلەيدىكەنسەن، مۇنۇ كۆزۈڭنى ئەمدى مەن ئويۇۋالىمەن بىلدىڭمۇ؟

- بىلىدىم. بىلىدىم خان ئاچا، ئەمدى ھەرگىز نوچىلىق قىلمايمەن... قالايمىقان سۆزلىمەيمەن بايا مەن... ئېزىپتىمەن.

9

ئىپارە ئەنۋەرنى ياتىقىغا ئېلىپ چىقىپ، قىز ئاياللارغا خاس پاكىز، رەتلىك بېزىلىپ، بىر كىشىلىك كارىۋات قويۇلغان ياتىقىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى بوش يەرگىلا ئورۇن راسلاپ بەردى. ئەنۋەرنىڭ سەل قورۇنۇپ يېتىشقا جۈرئەت قىلالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىپارە سۆزلەشكە باشلىدى:

- قانداق، يەنە ھېلىقى بەچچىۋاز ئاكاڭنىڭ يېنىغا چىققۇڭ كېلىۋاتامدۇ؟ - ئىپارە مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، - خاتىرجەم يېتىۋەر، ئەتە مەن خوجايىنغا دەپ ساڭا باشقا ياتاق ئالدۇرۇپ بېرەي.

ئىپارە چامادانىدىن ئالىي دەرىجىلىك تاماكا چىقىرىپ، ئۆزى بىر تال تۇتاشتۇرۇپ كارىۋىتىغا يانپاشلىدى-دە، تاماكا ئىسىنى پۈۋلىگەچ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، - قانداق؟ ئىچكىرى دېگەن بۇ يەرنى ئەمدى ئازراق بولسىمۇ چۈشەنگەنسەن؟

ئەنۋەر ئىپارەنىڭ ئارقا-ئارقىدىن بىلدۇرۇۋاتقان ئاتىۋارچىلىقىغا يېنىشلاپ رەھمەت دېگۈسى بولسىمۇ، ئەمما نېمە دېيىشىنى بىلمەي ئاجىزانە ھالدا كۆزىگە ياش ئېلىپ، يىغلامسىراپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

- بىلىدىم، چۈشەندىم، نەدىكى ئادەملەرنىڭ گېپىگە كىرىپ بۇ يەرگە كەلگىنىمگە بەك پۇشايمان قىلدىم. ئەگەر سىز ئاتىدارچىلىق قىلمىسىڭىز... رەھمەت ئاچا. كۆپ رەھمەت.

- چۈشەنگەنلا بولساڭ بولىدى. رەھمەت دېمىسەڭمۇ بولىدۇ. شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىن، ئەگەر ئىمكان بولسا قايتىپ كېتەلىسەڭ، يەنە خەقنىڭ يالغان گېپىگە ئىشىنىپ، ئىككىنچى بۇنداق يەرگە دەسسىمە. بۇ يەرگە «كاۋاپچىلىق قىلىمىز» دېگەندەك يالغان نام بىلەن چىققانلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەمەلىيەتتە خېروئىن، نەشە چېكىش، يۆتكەش، سېتىش،

يانچۇقچىلىق، ئوغرىلىق قىلىش... دېگەندەكلەر بىلەن پۇل تېپىشىدۇ. بىزنىڭ بۇ بەڭگى خوجايىننى كۆرگەنسەن، مانا قان-يىرىڭ ئىچىپ تۇرۇپ پۇل تاپىدۇ، سەن ۋە بىزلەرنى بۇ يەرگە يىغىپ پۇل تاپقۇزۇشتىكى مەقسەت-مۇددىئاسىمۇ، ئۆزىنىڭ بىردەملىك ئاق خۇمارىنى بېسىش ئۈچۈن پۇل تېپىش. دېمەك، سەن بىز جېنىمىزنى ئالقىنىمىزغا ئېلىپ قويۇپ پۇل تاپىمىز، ئۇ بەڭگى بولسا ئاق چېكىپ كۆككە سورۇيدۇ. ئۇلار شۇ جەرياندا بۇلاڭچىلىق قىلىش، ئادەم ئۆلتۈرۈش، پۈتۈن بىر ئادەمنى مېيىپ قىلىۋېتىش، ساپمۇ-ساق پۇت-قوللارنى كېسىۋېتىش... باللارنى، ئاياللارنى ئاياغ ئاستى قىلىش، ئالداپ ئېلىپ سېتىش... قاتارلىق ھەر قانداق ئېپلاسلىقلاردىن يانمايدۇ، ھەتتا ئۆز ئاياللىرى، ئاچا-سىڭىللىرى، قېرىنداشلىرىنىمۇ سېتىۋېتىدۇ. مانا بايىقى سەمەتنىڭ نورمالسىزلىقىنى كۆردۈڭ، ئاڭلىشىمچە ئۇ يېڭى ئېلىپ كېلىنگەندە خۇددى ساڭا ئوخشاش ساددا، مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل دېھقان بالىسى ئىكەن.

ئۇ ساڭا ئوخشاش دەسلەپتە خوجايىنى ئۈچۈن پۇل تېپىپ بېرەلمەپتۇ، كېيىن خوجايىن نەچچە كۈنلەپ ئاچ قويۇپتۇ، ئۇرۇپ قىيناپتۇ، ئاخىرى مۆلدۈرلەپ تۇرغان بىر كۆزىنى قويۇۋېتىپتۇ، يەنە پۇل تاپالماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئادەم قېلىپىدىن چىققان خوجايىن قول ئاستىدىكى چوماقچىلىرىغا، سەمەتنى نۆۋەت بىلەن «خوتۇن» قىلغۇزۇپتۇ. شۇ نومۇس، شۇ ئازاب ئەلەمدە سەمەت نورمال ئادەملىك روھىي ھالىتىنى يوقىتىپتۇ، ھەم ھەر قانداق بىر ئىشتا قولدىن كېلىدىغانلىقى ئەسكىلىكنى قىلىدىغان، باشقا ئەرلەرگە، باللارغا بەچچىۋازلىق قىلىش بىلەن ئۆز قىساسىنى ئېلىپ ئۆز ئازابىنى يېنىكلىتىپ يۈرىدىغان نورمالسىز بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قاپتۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئالۋاستى سۈپەت ئادەم بولۇپ قېلىشىغا زادى كىم سەۋەبچى؟ مۇشۇ ئىپلاس ئالدامچى خوجايىنلار بولمامدۇ؟ بۇ ئىپلاس خوجايىنلار ئالداپ ئېلىپ چىققان باللارنىڭ كۆپ قىسمى ئۈچىغا چىققان يانچۇقچى، ئوغرى، ھارامخور بولۇپ كېتىدۇ. يانچۇقچى بولالمىغانلىرى بىر بولسا ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ، يەنە بىر بولسا نورمال ئادەملىكى، ئارزۇ ئىستىكى، ئەخلاقىدىن ئايرىلىپ ئالۋاستى سۈپەت غەيرى

بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدۇ. سەنغۇ بىر ئوغۇل بالا، مەن قىز بالا تۇرۇپ، ئادەم بۇ دۇنيادا كۆرۈشكە تېگىشلىك بولمىغان قارا كۈنلەرنى كۆردۈم، يەتكۈچە بوزەك قىلىنىپ خورلاندىم، ھەتتا ئۆلۈۋالماقچىمۇ بولغاندىم. ئەمما بۇ جان شۇنداق تاتلىقكەن، ـ ئېپارە خۇددى ئۇزاق ۋاقىت كۆرۈشمىگەن ئادىمى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئىچ باغرىنى تۆككۈسى كەلگەندەك سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ـ سۆزلىسەم گەپ تولا، ئەمدىلا توققۇز ياشقا كىرگەن سەبىي چاغلىرىم ئىدى. مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋاتقىنىمدا ئادەم بېدىكلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ قېچىلىپ، ئىچكىرىگە ئېلىپ كېلىنىپ يانچۇقچىلىققا سېلىندىم... باشتا مەنمۇ ئەپلەشتۈرەلمىدىم، ئەپلەشتۈرەلمىگەندىن كېيىن جازالاندىم، تاياق يېدىم، كۈن - كۈنلەپ ئاچ قويۇلدۇم. تاياق كۆتۈرەلمىسەم خوجايىن خالىغان ۋاقىتتا ئاياق - ئاستى قىلدى. يەنە شۇ يانچۇقچىلىقنى ئەپلەشتۈرەلمىدىم، ئاخىرى خوجايىن مېنىمۇ سېتىۋەتتى. يېڭى سېتىۋالغان خوجايىننىڭ ئالدىدا ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر قىسمەت، قارا كۈنلەرگە دۇچ كەلدىم، ئۇ خوجايىنمۇ سېتىۋەتتى. خۇددى چارۋا بازىرىدىكى ھايۋانغا ئوخشاش قولدىن - قولغا سېتىلىپ، ئېلىنىپ يۈردۈم. خالىغان ۋاقىتلاردا ئۆزۈمدىن نەچچە ئون ياش چوڭ كىشىلەر تەرىپىدىن كېچە - كېچىلەپ نۆۋەت بىلەن ئاياغ ئاستى قىلىندىم. ئاخىرى يەنە مەن يانچۇقچىلىق قىلىپ، خوجايىنغا پۇل تېپىپ بېرەلمىگەندىن كېيىن، ئاخىرى خوجايىن كۆز ئالدىمدىلا پاھىشىخانا خوجايىنىغا يۇقىرى باھادا پاھىشىلىققا سېتىشقا پۈتۈشتى. دەل شۇ چاغدا كاللامدا «ھەر قانچە بولسىمۇ تىنىنى ساتىدىغان پاھىشە بولمايمەن!» دېگەن پىكىر گۈلدۈرلىدى - دە، خوجايىننىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ: «جېنىم خوجايىن، خوجايىن ئاكا، ئۇنداق قىلمىسىلا، ماڭا رەھىم قىلسىلا، مېنى ھەرگىز پاھىشىخانىغا سېتىۋەتمىگەن بولسىلا، بولدى، مەن نېمە دېسىلە شۇنى قىلاي، ئالدىلىرىدا ئىت - ئېشەك بولاي. مەن چوقۇم بازارغا چىقىپ سىلى ئۈچۈن جىق پۇل تېپىپ بېرەلمىدىم، سىلىنى خاپا قىلىپ قويدۇم. ئەمدى ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ، ھەرگىز، ئەتىدىن باشلاپ مەن بازارغا

چىقاي، پول تاپاي» دەپ قار - يامغۇر يىغلىدىم. ئاخىرى خوجايىننىڭ رەھمى كېلىپ، مېنى يېنىدا ئېلىپ قالدى. «ئەمسە مۇشۇ بىر ھەپتە ۋاقىت بېرىمەن، ئەگەر يەنە پول تاپالمىدىم دەپ تىلىڭنى چايناپ كىرىپ قالساڭ مەندىن ھەرگىز خاپا بولما!» دېگەن شەرتنى قويدى. مەن شۇ چاغدا ھاياتىمدىكى يۈز بەرگۈسى ئەڭ ئېغىر قىسمەت، قارا كۈنلەردىن قۇتۇلۇپ قالغان ئىدىم. مەن شۇ ئىشتىن كېيىن ئەتىسىدىن باشلاپ قەتئىي يانچۇقچىلىق قىلىپ، خوجايىنغا پول تېپىپ بېرىش نىيىتىگە كەلدىم ۋە بارلىق تىرىشچانلىقىمنى ئىشقا سېلىپ بازارغا چىقىپ پول تېپىشقا كىرىشىپ كەتتىم. تالاي قېتىم ئۆلگىچە ئىزا - ئاھانەت ئىشتىپ تاياق يەپ، ساقچىخانىلارغىمۇ كىرىپ قالدىم. ساقچىخانىغا كىرىپ قالسام، خوجايىنىم بىر ئامالىلار قىلىپ ئېلىپ چىقىۋالدى. ئەگەر خوجايىنىم ئۆگەتكەن بويىچە، تىلىمنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويغان ئۆتكۈر تىغ بىلەن بەدىنىمنى كېسىپ زەخملەندۈرۈپ ساقچىدىن قۇتۇلۇپ كەتتىم. ئۇزۇنغا بارماي بۇ ھۈنەرنىڭ ئەھلى بولۇپ كۆزگە كۆرۈنۈپ، خوجايىننىڭ ئىشەنچىسىگە، ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشتىم. مەن گەرچە كۈنسېرى پىشىپ يېتىلىپ بۇ كەسىپنىڭ ئەھلى بولۇپ كەتسەممۇ، ئەمما تېزراق يۇرتۇمغا، ئائىلەمگە قايتىپ بېرىپ، ئاتا - ئانامالار بىلەن جەم بولۇپ يېڭىچە، ئاددىي تىنچ - خاتىرجەم تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشنى بىر كۈنمۇ ئېسىمدىن چىقىرىپ قويمىدىم ھەم بىر - ئىككى يىل خوجايىن ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان پول تېپىپ بېرىپ، ئاندىن بىر كۈنى بۇ خىيالىمنى خوجايىنغا دېدىم: - «ئۆزلىرىگە شۇنچە يىل ئىشلەپتىمەن، ئۆزلىرىمۇ ماڭا كۆپ ئاتىدارچىلىق قىلدىلا. مەن بىر ئاجىز قىز بالا، ھامان يۇرتۇمغا قايتمىسام بولماس... شۇڭا مېنىڭ قايتىشىمغا رۇخسەت قىلغان بولسىلا، ئەگەر مېنىڭ بۇ تەلىپىمگە ماقۇل بولسىلا، يەنە ماڭغىچە قوللىرىغا يۈز مىڭ يۈەننى تاپشۇرۇپ ئاندىن ماڭاي» دەپ قوشۇپ قويدۇم. نەشە كەيپىدىن كۆزلىرى ئەلەڭلىشىپ كەتكەن خوجايىن بىر ھازا پۇشۇلداپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن: «ئەزەلدىنغۇ گېپىڭ ئوچۇق ئەركەك نېمىتەڭ، يەنە ئەركەكچىلىكىڭنى قىلدىڭ، بولدى، كېتىمەن دېسەڭ كەت! دېمىسىمۇ مەن

ئۈچۈن كۆپ سەدپارە بولدۇق، جاپا تارتتۇق، ئەمما نېمە ئامال؟ سەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭ ئەمەسمۇ؟ ! لېكىن ساڭا بىرلا تەلىپىم بار، ماڭا تېپىپ بېرىمەن دېگەن پۇلۇڭنى كەم قىلماي تېپىپ بېرىپ ماڭ!» - دېدى. مەن شۇ كۈنى بەك خۇشال بولۇپ كەتتىم، چۈنكى خوجايىن ماڭا بۇنداق ئاسان ماقۇل بولىدۇ - دەپ ئويلىمىغان ئىدىم. نەچچە يىل ئايرىلىپ كەتكەن يۇرتۇم، ئاتا - ئانامنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ، ۋەيران بولغان بالىلىق، ياشلىق بېغىمدىكى گۈلزارلىقىمنى تېپىش، خاتىرجەم، نورمال تۇرمۇشۇمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئېشىش ئالدىدا تۇراتتى. خۇشاللىقىمدا خوجايىنىغا بەرگەن ۋەدەم بويىچە ئۇبدانلا تۆت ئاي پۇتۇن زېھنىم بىلەن «بازار ئايلىنىپ» خوجايىنغا يۈز مىڭ يۈەننى ساق تۇتقۇزغاندىن سىرت، قولۇمغىمۇ خېلى جىق پۇل ئاشقان ئىدى. ئەمما بۇ خۇشاللىقىمنىڭ ئۇزۇنغا قالماي كۆپۈككە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي؟ ! مەن مىڭ ئارزۇ - ئۈمىد، سېغىنىش بىلەن يۇرتقا كېلىپ ئۆيۈمگە قايتىپ كەلسەم، ئەزەلدىن كىسەلچان بىچارە دادام مېنى ئادەم بېدىكلىرى ئىچكىرىگە ئېلىپ قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، مېنى كۆپ ئىزدەپ تاپالماي، ئازابلىنىپ كېسەلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ، ئاخىرى ئانامنى، مېنى ۋە ئىككى قېرىندىشىمنى تاشلاپ، بۇ دۇنيادىن ئەلەم بىلەن كېتىپ قاپتۇ. ئاناممۇ بىر ئۆينىڭ چاقنى يالغۇز ماڭدۇرۇپ بولالماي... ئىككى يىلدىن كېيىن باشقا بىر ئەرگە ياتلىق بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ مېنىڭ ئىچكىرىگە ئېلىپ كېتىش سەۋەبىدىن ئىللىق، خاتىرجەم بىر ئائىلە خۇددى توزغاقتەك تۇزۇپ تۈگەپتۇ، - ئېپارە ئۆزىنى توختىتالماي مىشىلداپ يىغلاپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، - مەن ئۆيگە خېلى جىق پۇل ئېلىپ بارغان ئىدىم. ئېلىپ كەلگەن پۇلۇمنى كۆرۈپ ئۆگەي دادام ماڭا كۆپ ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتى ۋە كۈندە دېگۈدەك ئەل - ئاغىنىلىرى بىلەن قاۋاقخانىلارغا يۈرگىلەپ، شۇ پۇللارنىڭ پەيزىنى ئوبدانلا سۈرۈشكە باشلىدى. ئۆگەي دادامنىڭ خۇي - پەيلى شۇنداق بولسىمۇ، تىنچ، خاتىرجەم هالدا ئۆز ئۆيۈمدە ئىككى ئاينى ئۆتكۈزدۈم. ئەمما يەنە ياخشى كۈنلەر ئۇزۇنغا بارمىدى. بىر كۈنى ئۆيىمىزگە داۋاملىق ئىچكىرىگە بالا

يۈتكەپ سېتىپ جان باقىدىغان سادىق «توڭگۈز» ئىسىملىك بىر بېدىك ئۆگەي دادامنى ئىزدەپ كىرىپ كەلدى ۋە ئۆگەي دادام بىلەن ئىچكىرىكى ئۆيدە ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سۆزلەشتى. كۆڭلۈم يەنە بىر شۇملۇقنى سەزدى - دە، ئانامنى تېپىپ «ئۇ ئادەم بىزنىڭ ئۆيگە نېمىشقا كېلىپتۇ؟» دەپ سورىدىم، ئانام يىغلاپ تۇرۇپ ھەممە گەپنى ماڭا ئېيتىشقا باشلىدى:

«جېنىم قىزىم، مەن ساڭا گەپنىڭ راستىنى دېمىسەم بولمايدۇ. ئۆگەي داداڭنىڭ ئېيتىشىچە سەن ھازىر پۇل تېپىشقا خېلى ئۇستا بولۇپ قاپتىمىشسەن. شۇڭا بىر ھەپتە بۇرۇن ھازىر كىرىپ كەلگەن ھېلىقى ئادەم سېنىڭ بىر يىللىقىڭنى ئون مىڭ يۈەنگە سېتىپ بېرىشىمىزنى سوراپ كەپتۇ، يەنە ئىچكىرىگە ئېلىپ كەتكۈدەك... ئۆگەي داداڭ بۇ ئىشنى ساڭا ئېيتىپ ماقۇل كەلتۈرۈشۈمنى ئېيتقان ئىدى. ئەمما مەن بۇگۈنگىچىلىك بۇ گەپنى ساڭا دېمىدىم، قانداق دەيمەن؟ نېمە دەپ دەيمەن؟ سەن ئىچكىرىدە ھېلىمۇ ئاز كۈن تارتتىڭمۇ؟ رەھمەتلىك داداڭ سېنىڭ ئىسمىڭنى چاقىرىپ تۇرۇپ كۆزى ئوچۇق ھالدا جان ئۈزمىدىمۇ؟ بۇ ئۆگەي داداڭ شۇ ئىشنى سۆيلەپ كۈندە تىللايدۇ. ئەگەر قىزىڭ ماقۇل بولمىسا ماۋۇ يېتىمەكلىرىڭنى ئېلىپ سەنمۇ بۇ ئۆيدىن يوقال! ! ! دەيدۇ. جېنىم قىزىم، سەن بىلەن مەن ھەم شۇ ئۇكىلىرىڭ نېمىشقا بۇ دۇنياغا شۇنچىلىك بىتەلەي، شور پېشانە بولۇپ يارىلىپ قالغاندىمىز؟ ! نەچچە قېتىم بۇنداق ئۆز قىزىنى ساتىدىغان كۈننى كۆرگىچە زەھەر ئىچىپ بۇ ئالەمدىن بىراقلا كېتەيمۇ دېدىم، ئەمما شۇ بىچارە ئۇكىلىرىڭ ھەم سېنى بويىنىنى قىسىپ يەنە كىمنىڭ قولىغا قاراپ قالار، يەنە قانداق كۈنلەرنى كۆرەر دەپ...»

- ئانامۇ يىغلىدى، مەنمۇ يىغلىدىم، شۇ قارا نىيەت ئۆگەي دادامنىڭ پۇل ئۈچۈن قىلىۋاتقان شۇملۇقلىرىنىمۇ چۈشەندىم، ئانامغىمۇ ئىچىم ئاغرىدى. نېمە ئامال؟ مەن ئاخىرى بىچارە ئانام ۋە ئىككى ئۇكام ئۈچۈن ئۆگەي دادامنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇشقا ماقۇل بولدۇم. ئىككىنچى كۈنى ھاۋا تۇتۇلۇپ، مېنىڭ ھەسرىتىمگە، ئەلىمىمگە ئىچى ئاغرىپ ھېسداشلىق قىلغاندەك ئاسماندىن سىم - سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. تۇپراق بېشىغا بىرىپ رەھمەتلىك دادام بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ خوشلاشتىم. مانا

توۋت يىل بولدى، ھازىرغىچە مۇشۇ خوجايىنغا ئىشلەۋاتىمەن. يىلمۇ - يىل باھايىم ئۆسۈپ ماڭدى. بۇ يەردە خوجايىن ئالىدىغان پايدا كۆپەيسە، يۇرتتا ئۆگەي دادام ئالىدىغان پۇلمۇ كۆپەيدى. بۇ يىلدىن باشلاپ ھازىرقى بۇ بەتگى خوجايىنىم مېنىڭ بىر يىللىقىمنى ئاتمىش مىڭغا سېتىۋېلىپ ئېلىپ كەلدى. چۈنكى ھازىر مەن بۇ ھۈنەرنىڭ پىرى بولۇپ كەتتىم. خوجايىن مېنى ئاتمىش مىڭغا سېتىۋالغان بىلەن مەن بىر يىلدا خوجايىنغا ئۇنداق پۇلدىن نەچچە ئوننى تېپىپ بېرىمەن. ھازىر مېنىڭ بۇ «ھۈنىرىم» گە، تېزلىكىمگە، بۇ جەھەتتىكى داڭقىمغا بۇ يەردە قول قويمايدىغىنى يوق. كۆندۈزلۈك بازار ئايلىنىشىم شۇنداق ھوسۇللۇق، ئويۇندەكلا ئاددىي بىر ئىش... شۇڭا ھازىر بۇ يەردە مەيلى پۇلنى قانچىلىك خەجلەيمەن، نەلەرگە بېرىپ، نېمە ئىشلارنى قىلىمەن، ئىشقىلىپ بۇ خوجايىنىنىڭ يېنىدىن كەتمىسەملا ماڭا ھېچكىم ئارتۇقچە گەپ - سۆز قىلىشمايدۇ، ئەتىۋارىمنى قىلىشىدۇ...

ياتاق ئىچىدىكى بىر ھازا ھۆكۈم سۈرگەن جىمجىتلىقنى يەنىلا ئىپارەنىڭ ئىچىنىشلىق سەرگۈزەشتىسىنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن بىرىلىپ ئاڭلاۋاتقان ئەنۋەر بۇزدى:

- ھەممە ئادەم سىزگە قول قويغاندىكىن ھەم خېلى ئەركىنلىشىپمۇ قالغاندىكىن يۇرتقا، ئانىڭىزنىڭ يېنىغا قايتىپ كېتىپ نورمال تۇرمۇش كەچۈرسىڭىز بولمامدۇ؟

- سەنچە ئىش شۇنچە ئاددىيما؟ مەن ھېلى دېدىمغۇ؟ مەن يەنە شۇ يۇرتقا، ئۆگەي دادامنىڭ ئالدىغا بارسام سوسكىغا ئۆگەنگەن موزايدەك مەن تېپىپ بەرگەن پۇلغا ئوبدانلا چۆشەنگەن شۇ قارا نىيەت ئۆگەي دادام مېنى شۇ يۇرتتا تۇرغۇزارمۇ؟ مۇمكىن ئەمەس. مەن چۆل - جەزىرىدىكى شامال ئۇچۇرۇپ يۈرگەن قامغاقتەك بىتەلەي شورپىشانە، بىچارە ئاپام ھەم قېرىنداشلىرىمنى ئويلىمىسام بولمايدۇ. يەنە بىرسى مەن توققۇز يېشىمدىن بۇ يىگىرمە بىر يېشىمغىچە مۇشۇ جىن - ئالۋاستىلار ئۆگىتكۈرىدە يۈرۈپ، ئەمدى ئالاقاچان يانچۇقچىلىق قىلمىسا تۇرالمايدىغان، باشقىلارنىڭ يانچۇقىدىكىنى، ھەققىنى ئېلىۋېلىشنى نومۇس بىلمەيدىغان،

خۇددى ھاجەتخانىدا دائىملىق ھالدا ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ سىيىقچىلىقا كۆنۈپ، ئۈزلۈشۈپ قالغان ئادەمدەك ئازابلانمايدىغان، يانچۇقچىلىق قىلىشنى ئويۇنچۇق، كۆڭۈل خۇشى ئورنىدا كۆرىدىغان نورمال بولمىغان بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم. مىنىڭ بۇ سىيىق قولۇم، يانچۇق كولاشقا، ئاختۇرۇشقا خۇمار بولۇپ قالدى. يانچۇقلار بولسا ئاختۇرغۇم كېلىپ تۇرىدۇ. بەزىدە ياتىقىمدا يالغۇز قېلىپ، ئىچىم پۇشۇپ خۇمارىم تۇتقاندا ھەتتا ئۆزۈمنىڭ يانچۇقىنى پەم بىلەن ئۆزۈم ئاختۇرۇپ، بىر نەرسىلەرنى ئېلىپ خۇماردىن چىقىمەن. شۇ يۇرتۇمغا بېرىپ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم، تونۇش - بىلىشلىرىمنىڭ ئالدىدا يەنە يانچۇق كولاپ، ئاختۇرۇپ يۈرەمدىمۇ؟ يەنە كۆپىنچە كەچلەردە، ياتىقىمدا خۇددى تىكەندەك يالغۇز قېلىپ غېرىبچىلىق باسقاندا كاللامغا شۇنداق خىياللار كېلىدۇ: «ئەجەبا مېنىڭ قىممەتلىك ھاياتىم، گۈزەل ئايالىق نازاكىتىم مۇشۇ كۈندە گەندە سىيىقچىلىق ئىچىدە بۇلغىنىپ، سېسىپ ئۆتۈپ كېتەمدۇ؟ مېنىڭمۇ ھالال جۈپتۈم، ئىللىق ئائىلەم، ئوماق باللىرىم بولۇپ، ئۇلار چوڭ بولغاندا: «بىز بىر يانچۇقچىنىڭ بالىسى ئىكەنمىزغۇ» دەپ مەندىن يىرگىنىپ نەپرەتلىنىپ قالسا... ئۇ چاغدا مەن... مەن بۇنداق خىياللىرىمنى داۋاملاشتۇرۇشقا ھەرگىز جۈرئەت قىلالمايمەن. يۈرىكىم پارتلاپ كەتكەندەك پارە - پارە بولۇپ ئۇن - تىنسىز يىغلايمەن، تۇمەنمىڭ يىلان - چايانلار چېقىۋاتقاندەك ئازاب بىلەن تولغۇنىمەن، ئەمما يەنە ئەتىسىدىن باشلاپ كۆن بويى قاتراپ، كىشىلەرنى يىغلىتىپ - قاقشىتىپ خوجايىننى، ئۆگەي دادامنى خۇش قىلىپ يۈرمەكتىن باشقا نىمە ئامال دەيسەن؟ ھە راست، باياتىن سىنىڭ مېنى يۇرتىڭىزغا قايتىپ كەتسىڭىز بولمامدۇ؟ دەپ نەسىھەت قىلىپ كەتكىنىڭگە قارىغاندا، ئەسلى ئۆزۈڭنىڭ كەتكۈسى بار، شۇنداقمۇ؟ كەتسەڭ بولىدۇ، ئەمما بۇ گەپنى مېنى دېدى، دەپ سالما يەنە، كېتىمەن دەپ خام تەمە قىلىپ قېچىپ كېتىشنى ئويلىما، چۈنكى بۇ ئىچكىرىدە قېچىپ يۇرتۇمغا كېتىمەن - دەپ مەقسىتىگە يەتكەنلەر يوق دېيەرلىك، ھامان تۇتۇلۇپ قالىسەن. بازارغا بىللە چىققان پايلاقچىلاردىن قانداق قۇتۇلىسەن؟ ۋاقىتلىق قۇتۇلدۇڭمۇ دەيلى، يەنە

مەلئۇنلارنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن، كۆنلەرنىڭ بىرىدە يەنە تۇتۇلۇپ قالىدىغىنىڭ ھاياتىڭدىن ئايرىلىسەن، يېنىك بولغاندا پۇت - قولۇڭ ناكا بولىدۇ شۇ. ناۋادا تۇتۇلمىغاندىمۇ پۇلۇڭ بولمىسا نېمىگە كېتىسەن؟ قانداق كېتىسەن؟ ئاخىرى بۇلۇڭ - پۇشقاقلاردا ئىگە - چاقىسىز سەرگەردان بولىسەن... يا يەنە بىر خوجايىنغا تۇتۇلىسەن يا ھاياتىڭدىن ئۇن - تىنسىز ئايرىلىسەن. شۇڭا ئەڭ ئاسان يول، بازارغا چىققاندا قورقۇپ تىترەپ تۇرماي، جۈرئەتلىك بولۇپ ساقچى بار يەردە پەيتىنى چىڭ تۇتۇپ خەقنىڭ يانچۇقىنى، سومكىسىنى ئاختۇر ياكى بىر نەرسىنى بۇلاپ قاچ - دە، ساقچىغا تۇتۇل. ئەگەر بۇ مەقسىتىڭنى ئوڭۇشلۇق ھالدا ئىشقا ئاشۇرساڭ، ساقچىلار سېنى نەق بىر پۇڭ چىقىم قىلدۇرمايلا ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ قويىدۇ. يەنە شۇنىمۇ دەپ قوياي، ... ئېپارەنى ئۇيقۇ باسقان بولسا كېرەك، ئارقا - ئارقىدىن ئەسنەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، - ساقچىغا تۇتۇلغاندا، خوجايىن چوقۇم تۇرلۇك يالغان باھانە بىلەن سېنى ئېلىپ چىقىپ كەتكىلى بارىدۇ. شۇ چاغدا سەن «ئۇنى تونۇمايمەن... ئۇ مېنىڭ ھېچنېمەم ئەمەس. مەن شىنجاڭغا قايتىپ كېتىمەن» دەپ تۇرىۋال... ساقچىدىن ئايرىلما، پېشىگە ئېسىلىۋال...

ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئېپارە يېنىك پۇشۇلداپ، ياتقان يېرىدە يىشنىمەستىنلا ئۇيقۇغا كەتتى. ئەنۋەرنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس، ئۇ: «مېنىڭمۇ ماڭا كۆڭۈل بۆلىدىغان ياخشى نىيەتلىك ئانام بولغان بولسىچۇ - ھە؟ ئەگەر ئانام بىزنى باغرى تاشلىق قىلىپ تاشلىۋەتمىگەن بولسا، مەنمۇ ئالدىنىپ بۇ يەرگە چىقىپ بۇنداق كۈنگە قالماستىم...» دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ يەنە كۆڭلىنى يېرىم قىلدى ۋە «بىچارە ئېپارەمۇ يەنىلا شۇ ئادەم بېدىكلىرى، ھارامخور خوجايىنلار، قارا نىيەت ئۆگەي دادىسى سەۋەبىدىن ئىنسان بالىسى كۆرۈشكە تېگىشلىك بولمىغان قارا كۈننى كۆرۈپتۇ، يەتكۈچە خورلىنىپ زۇلۇم تارتىپتۇ. شۇ ئۆگەي دادىسى ئۇنچە قارا نىيەت بولمىغان بولسا بۇرۇنلا يۇرتىغا قايتىپ بېرىۋالاركەن ئەمەسمۇ؟ شۇڭا ئۆزى يۇرتىغا قايتىپ بارالمىغاندىن كېيىن،

مېنى بولسىمۇ خورلىنىپ قالمىسۇن، تېزرەك يۇرتىغا قايتىپ بېرىۋالسۇن دەپ ئارقا - ئارقىدىن ماڭا كۆپلىگەن ياخشىلىقلارنى قىلىپتۇ، ھەممىنى دەپ بېرىپتۇ - دە. بۇ دۇنيادا ئۇرۇق - تۇغقان، قان - قېرىنداش ئىچىدىمۇ ئەڭ بۇۋاپا، قارا نىيەت ئادەملەر بولغانغا ئوخشاش، ھارامخۇر، قانخورلار ئارىسىدىمۇ ئىپارەگە ئوخشاش ئاق كۆڭۈل، ياخشى كىشىلەرمۇ بار ئىكەن» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. بولۇپمۇ ئەنۋەرنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئىپارەنىڭ «پەقەت ساقچىلارلا سېنى ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ قويىدۇ، ساقچىغا تۇتۇل... ئۇ مېنىڭ ھېچنېمەم ئەمەس، سىنجاڭغا قايتىپ كېتىمەن دەپ تۇرىۋال...» دېگەن سۆزلىرى تەكرار جاراڭلىدى. ئىپارەنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن كېيىن ئەنۋەرنىڭ كۆز ئالدى بىردىنلا يورۇپ كەتكەندەك، يىراق بىر جايدا يېڭى بىر ھاياتلىق ئۈمىد يۇلتۇزى پارلاپ تۇرغاندەك بىلىنىپ كەتتى ھەم ئىچىدە: «نېمىشقا مەن بۇلارنى بالدۇرراق ئويلىمىغاندىمەن؟» دەپ ئەپسۇسلاندى، شۇنداقلا ۋۇجۇدىدا ئىپارەگە بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسى قايتىدىن يالقۇنلاپ، ئۆز ئىچىدە ئىپارەگە چەكسىز خۇرسەنلىك بىلەن چىن كۆڭلىدىن رەھمەت - تەھسىنلەرنى ئوقۇشقا باشلىدى.

10

ئىككىنچى كۈنى ئەنۋەر باشقىچە روھلۇق ھالدا يەنە سۇس چىلانرەڭ بويىۋالغان تال - تال چېچىنى ئارقىسىغا بانتىلاپ، قارا كۆز ئەينىكىگە پار كەلتۈرۈپ، ئالىي دەرىجىلىك قارا رەختتىن ئالپىتە قىلىپ بىر يۇرۇش مودا كالتە كىيىم كىيگەن ئىپارە بىلەن «بازار ئايلىنىش» قا چىقتى. ئىپارە ئاپتوبۇس ئىچىدە، تاللا - بازارلىرىدا يەنە شۇنداق شەيتاندەك تېز، ئېزىتقۇدەك سىرلىق ھالدا ھايت - ھۇيت دېگۈچىلىك كۆزنى باغلاپ، ئىشنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ، ھېچنېمە كۆرمىگەندەك يىراقلارغا قاراپ تۇرىدۇ. ئالدىنقى كۈنلەردە ئەنۋەر ئۈچۈن «بازار ئايلىنىش» قورقۇنچلۇق، ئازابلىق تۇيۇلغان بولسا، بۈگۈن نېمىشقىدۇر باشقىچە جانلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئەنۋەر ئەتىگەندىن بۇيان تالاي يانچۇقلار، قول سومكىلارغا كۆز سالدى،

پۇرسەت كۈتتى. ئەمما پۇل - مال ئېلىشنىڭ پەيتى كەلگەندە دەل ئەنۇەر كۆتكەندەك ئەتراپىدا بىرمۇ ساقچى يوق، ساقچىلار پەيدا بولغاندا ئەنۇەر ئىزدىگەن نىشان يوق. چۈشمۇ بولاي دېدى، ئېپارە بۇنى ھېس قىلدىمۇ قانداق، بىر ئاۋات كوچىدا ئەنۇەر بىلەن يۈز مېتىرچە ئارىلىق قالدۇرۇپ كېتىپ باراتتى. ساقچىلارنى مۇشۇنداق كوچىلاردا كۆپ ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلىقىنى ئېپارە ئوبدان بىلەتتى. ئەنۇەر ئەتراپنى كۆزىتىپ كېتىپ بېرىپ، دەل بىر يېمەكلىك يايمىسى ئالدىدا ئاتمىش ياشلاردىن ئاشقان بىر موماي سومكىسىدىن پۇل ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. مومايدىن خېلى يىراقتا بىر ساقچى ماشىنىسىنىڭ يېنىدا ئىككى نەپەر ساقچى تاماكا چېكىشكەچ گەپلىشىپ تۇراتتى. ئەنۇەر دەل پەيتى كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى - دە، ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ بېرىپ مومايىنىڭ قولىدىكى سومكىنى كۈچەپ تارتىۋېلىپ، چوڭ يول تەرەپكە قاراپ قاچتى. بازاردىكى ئادەملەر شۇئانلا ئۆرە - تۆپە بولۇشۇپ، چۇقان - سۈرەن كۆتۈرۈشتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا كۈچلۈك بىر قول پۈتۈن كۈچى بىلەن يۈگۈرۈۋاتقان ئەنۇەرنىڭ گەجگىسىدىن قاماللاپ تۇتتى - دە، يەرگە يىقىتىپ قولىغا كويزا سالدى. ئەتراپتىكى كىشىلەر يوپۇرۇلۇپ كېلىشىپ ئەنۇەرنى ئۇرماقچى بولۇشتى، بىراق ساقچىلار يول قويمىدى. گەرچە ئەنۇەر ئەتراپتىكىلەرنىڭ غەزەپ - نەپرىتىگە، ساقچىلارنىڭ مەجبۇرىي بويسۇندۇرۇشىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما كۆڭلىدە ئۆز پىلانىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشقىنىغا بەك خۇشال بولدى. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە بىر ساقچى ئەنۇەرنى ساقچىخانىنىڭ ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىنىڭ سولاقخانىسىدىن ئىشخانىسى ئېلىپ كىردى. ئىشخانىدا ئەنۇەرنى ئىككى نەپەر ساقچى بىلەن خۇددى ئېپارە دېگەندەك، ھېلىقى ئورۇق بەڭگى خوجايىنى ساقلاپ تۇرغان ئىكەن. ئەنۇەر ئىشخانىغا كىرىپ كېلىشىگىلا خوجايىن باشقىچە مۇلايىملىشىپ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ئۇنىڭ باش - كۆزىنى، قوللىرىنى تۇتۇپ سىلاپ تۇرۇپ سۆز باشلىدى:

- قانداق ئەنۇەرجان ئۇكام، كېچىدىن بويان ئۇلار ئۇردىمۇ؟ بوزەك قىلدىمۇ؟

ئەنۋەر خوجايىنىڭ بىردىنلا مۇلايىملىشىپ، سىزلەپ كەتكەندەك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىشلىرىگە، سەممىيەتتىن ئەسەرمۇ قالمىغان نۇرسىز، سوغۇق كۆزىگە بىر دەقىقە قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، خوجايىنىنىڭ ئالقانلىرى ئارىسىدىكى قولىنى تارتىۋېلىپ، سوئالغا جاۋابمۇ بەرمەستىن ساقچىلارغا قاراپ تۇردى. خوجايىن ئەنۋەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئۇچرىشىش مۇناسىۋىتىنى ساقچىلار ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىپ تۇراتتى. ئەنۋەرنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىدىن ئوسال بولغان خوجايىن تەن بەرگۈسى كەلمەي، يەنە ساختا كۆيۈمچانلىق بىلەن ئەنۋەرگە سۆز ئاچتى:

- ئۇكام ئەنۋەرجان، مەن سېنى ئىككى مىڭ يۈەن تۆلەپ بۇ دوزاختىن قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىپ چىقىپ كېتەي دەپ كەلدىم. ئۇلارغا مەن سېنى «ئۇكام» دېدىم، سەنمۇ مېنى «ئاكام» دە...

ئەنۋەر خوجايىنىڭ سوئالىنى يەنىلا جاۋابسىز قالدۇرۇپ، ئۆزلىرىگە دىققەت بىلەن قاراپ تۇرغان ياشقا چوڭراق بىر ساقچىغا ئىلتىجا بىلەن قارىدى. سەزگۈر، ھوشيار ساقچى ئەنۋەرنى ئالدىغا چاقىرتىپ، قوللىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن تۇتۇپ خەنزۇ تىلدا سورىدى:

- ئۇ راستتىنلا سېنىڭ ئاكاڭمۇ؟

ئەنۋەر كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ «ياق» دېگەن مەنىدە بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ:

- مەن قايتىپ كېتىمەن، - دېدى.

ساقچىلارغا ھەممە ئىش ئايان بولدى... چوڭ ياشلىق ساقچى خوجايىنغا قاتتىق تەلەپپۇزدا بىر نەرسىلەرنى دېدى. خوجايىن خۇددى ئەنۋەرنى تىرىكلا يەۋېتىدىغاندەك خۇنۇك كۆزلىرى بىلەن بىر ئالايدى - دە، شۈئان قۇيرۇقىنى قىسىپ ساقچىخانىدىن چىقىپ كەتتى. چوڭ ياشلىق ساقچى ئەنۋەرنىڭ ئىسمىنى، يۇرتىنى سوراپ خاتىرىسىگە بىر نەرسىلەرنى يازدى، قاياقلارغىدۇر تېلېفون ئۇرۇشقا باشلىدى.

ئەنۋەر ساقچىخانىغا كىرىپ ساقچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن خوجايىنىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ، بەشىنچى كۈنى يەنە ساقچىلار ئۇنى ئۆزى چوڭ

بولغـان جەنـۇبتىكى بـۇ كىچىـك شـەھەرگە ئېلىـپ كەلـدى. ئەنـۋەر ماشـنىنا بىـلەن شـەھەرلىك ج خ ئىدارىسـىغا ئېلىـپ كېلىنگەنـدە، قارىـداپ ياغلىشـىپ كەتـكەن يـۈزىنى قويـۇق ساقال - بـۇرۇت بېسـىپ كەتـكەن مېھرىبـان دادىسـىنىڭ ماشـىنىغا ئىنتىزارلىـق بىـلەن قـاراپ تۇرغـانلىقىنى كـۆرۈپ، ھەر قـانچە قىلىپمـۇ يۈرىكـىدىن ئېتىلىـپ چىققـان دەرد - ھەسـرەت، سـېغىنىش، پۇشـايمان يېشـىنى توسـۇۋالالمىدى. ئـۇ ماشـىنا توختىتىشـىغىلا ماشـىنىدىن چۈشـۈپ يۈگـۈرگىنىچە دادىسـىنىڭ ئالـدىغا بېرىـپ، خـۇددى كىچىـك بالـدەك ئـۆزىنى دادىسـىنىڭ قۇچىقىغـا ئـاتتى ھەم ئـۆزىنى تۇتۇۋالالمىغـان ھالـدا يـۈزىنى دادىسـىنىڭ كـىر ئـۆرلەپ تۇرغـان مەيدىسـىگە يېقىـپ تـۇرۇپ، ئۇزۇنـدىن - ئۇزۇنغـا ھېقىقـداپ يىغلىـدى، دادىسـىمۇ بالىسـىنىڭ يـۈز - كـۆزىنى سـىلاپ، سۆيۈپ تۇرۇپ يىغلىدى، تەسەللىي بەردى.

11

ئەنـۋەر ئـۆز ئـۆيىگە كەلگەنـدىن كېيىـن، تـىنچ - ئـازادە تۇرمـۇش قوينىغـا قايتىـپ كەلـگەن بولسـىمۇ، بـىراق يۈرىكـىدىكى روھىـي جـاراھەت ھامـان قانـاپ، ئېچىشـىپ، خـۇددى يـۈرىكىگە مىـخ سـانجىلغاندەك ئـۇنى قىينـاپ تـۇراتتى، ئـازابلايتتى. قايتىـپ كەلـگەن تـۇنجى كـۈنى ئاخشـىمى دادىسـى بىـلەن سىڭلىسـىنىڭ ئوتتۇرىسـىدا ئۇزۇنـدىن - ئۇزۇنغـا مۇڭدىشـىپ يېتىـپ، تېـزلا ئۇيقۇغـا كەتتـى. ئەممـا ئـانچە ئۇزۇنغـا قالمـاي ئـۇ قورقۇنچلـۇق بىـر چـۈش كـۆردى. ئـۇ ھېلىقـى يەر ئاسـتى ئۆيىـدە شـىرزاتنىڭ گۆشـىنى كـاۋاپ زىقىغـا ئۆتكـۈزۈش ئۈچـۈن ئۇششـاق - ئۇششـاق پـارچىلاۋاتقۇدەك... بىـر چاغـدا شـىرزاتنىڭ گۆشـى ئىچىـدە شـىرزاتنىڭ بىـر جـۈپ قوشـۇر كـۆز قـارىچۇقى پـارقىراپ تۇرغـۇدەك. «ۋايجـان»، «ۋايـيـەي، دادا، دادا!» ئەنـۋەر ئالاقزەدىلىك بىـلەن ۋاقىـرىغىنىچە خـۇددى يـىلان چاقـقانـدەك ئورنـىدىن چاچـراپ تـۇرۇپ كەتتـى. دادىسـى بىـلەن سىڭلىسـى ئـۇنى بەزلەپ ئويغىتىـپ، تېـزلا ئەسلىگە كەلتـۈردى. ئـۇ قورقۇنچتـا خـۇددى قـارا يـامغۇردا قالغانـدەك ئۆسـتى بېشى چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ، تەرلەپ كەتكەن ئىدى.

ئەنـۋەر قايتىـپ كەلـگەن كۈنـدىن باشـلاپ كېچىلىـرى تـۈزۈكرەك

ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن يىراق ياقا يۇرتتىكى شەھەرلەردە، رەستىلەردە، يانچۇق، سومكا مارىلاپ، دەككە - دۈككە ئىچىدە ئاچ - توق ئۆتكەن قورقۇنچلۇق، ئازابلىق كۈنلەر، شامالدۇرغۇچقا ئېسىۋېتىلگەندىن كېيىنكى ھوشىنى يوقىتىشلار، رەھىمسىزلىك بىلەن تېگىۋاتقان قامچا، تېپىك، شىرزاتنىڭ ئۆلۈمى... گۆشىنىڭ پارچىلىنىشى، جەسىتىنىڭ دېڭىزغا تاشلىۋېتىلىشى، بىچارە ئېپارەنىڭ قان - ياش بىلەن تولغان كەچۈرمىشى، ئانىسىنىڭ باغرى تاشلىقى خۇددى كىنو لېنتىسىدەك بىر - بىرلەپ ئۆتۈپ، يۈرىكىنى پارە - پارە قىلماقتا ئىدى. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ساۋاقداش، تەڭ - تۇشلىرى بىلەنمۇ ئۇينىمىدى. ئىچكىرىگە بېرىپ كېلىشتىن ئاۋۋالقى كۈلكە يېغىپلا تۇرىدىغان كەڭ، بۇغداي ئۆڭ يۈزى، قاپ - قارا قوشما قاشلىرى ئاستىدىكى ئەقىل - پاراسەت نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدىغان بىر جۈپ يوغان قوي كۆزى، سۆزمەنلىكى، شوخلۇقى قاياقلارغىدۇر غايىب بولۇپ، جىمغۇرلىشىپ باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. كۈن بويى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان، ھەتتا دادىسى، سىڭلىسى بىر ئېغىز گەپ سورىسا بىر ئېغىز جاۋاب بېرىپ، بولمىسا ئۆزلۈكىدىن لەۋ يېرىپ ھېچكىمگە گەپمۇ قىلماس بولدى. ئۇ كۈندۈزلىرى بۇرۇندىلا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ھەر ياز پەسلى سۇغا چۆمۈلىدىغان دولان دەرياسىنىڭ بويىغا كېلىپ، پۇت - قولىنى سۇغا چىلاپ، لەڭ ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىگە قاراپ كۈن - كۈنلەپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان بولدى.

ئەنۋەر بۈگۈن يەنە دولان دەرياسى بويىغا كەلدى - دە، خېلى ۋاقىتقىچە قولىنى تەكرار يۇدى. ئۇنىڭ قوللىرى ئاقىرىپ، يۇمشاپ لەشتەك بولۇپ كەتتى. ئەمما ئۇ قولىنى يۇيۇشتىن ھېچ توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى، چۈنكى كۆڭلىدە: «مۇشۇ بىر جۈپ قولۇم پاكىز ئەمەس، مېنىڭ مۇشۇ بىر جۈپ قولۇم شىرزاتنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، گۆشىنى پارچىلىدى. بۇ قوللىرىم شىرزاتنىڭ قېنى بىلەن بويالدى» دەپ ئويلايتتى، ئازابلىناتتى. شۇڭا ئۇ توختىماستىن قولىنى يۇيۇپ تۇرۇپ، خىيالىنى داۋاملاشتۇردى: «سۈپ - سۈزۈك، زۇمرەتتەك پاكىز مۇشۇ سۇ زادى مېنىڭ

قولۇمدىكى قان يۇقنى، مەينەتچىلىكنى، يۇيۇۋېتەلمەسمۇ؟ ئۆزى ئادەم تۇرۇپ ئۆزىنىڭ بالىلىرىدەك كىچىك بالىلارنى ئېلىپ ساتىدىغان، باشقىلارنىڭ يانچۇقىدىكىنى ئېلىۋېلىش ئارقىلىق باي بولۇشنى، باشقىلارنىڭ قان يىغلىتىش بەدىلىگە ئۆزى راھەت تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئويلايدىغان ھەم شۇ نىيەتتە ھەر قانداق ئىپلاسلىق، جىنايەت، گۇناھتىن يانمايدىغان شۇ بىر ئوچۇم ھارامخورلارنىڭ قەلبىدىكى قان، يىرىڭ، چىرىندىلارنى يۇيالامسمۇ؟ بۇنداق ھارامخورلۇق، جىنايەت قاچانغىچە داۋاملىشار؟ ئىپارە ۋە تەقدىر قىسمىتى ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان نەچچە يۈزلىگەن بالا ئىچكىرىدىكى قاراڭغۇ بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا قاچانغىچە دوزاخ ئازابىنى تارتىپ، خورلىنىپ، تىنەپ - تەمتىرەپ يۈرەر؟ ئىپارە قاچان ئۆز يۇرتىغا، بەختىيار ئائىلىسىگە قايتىپ كېلەر؟» ئەنۋەر خىيالىنى داۋاملاشتۇرۇۋېتىپ، پۇچۇلۇنۇپ ھۆكرەپ يىغلاپ تاشلىدى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى خۇددى يىپى ئۈزۈلگەن ھېقىق، مەرۋايىتتەك تاراملاپ ئاققىنىچە دولان دەرياسىغا قۇيۇلماقتا ئىدى. دولان دەرياسىنىڭ سۈيىمۇ خۇددى ئەنۋەر ۋە ئەنۋەردەك نەچچە يۈز، نەچچە مىڭلىغان، ئاتا - ئانىسىنىڭ مېھرىدە، مەكتەپ مائارىپ گۈلزارلىقىدا خۇددى ھەسەل ھەرىلىرىدەك ئىلىم - مەرىپەت، ئەخلاق - پەزىلەت كىشىلىك مۇھەببەت شىرنىلىرىنى چاڭقاقلىق بىلەن شۈمۈرۈپ، بەختىيارلىق ئىلكىدە ساغلام يېتىلىدىغان مەزگىلدە بىر ئوچۇم ھارامخور ئالۋاستىلار تەرىپىدىن ئازدۇرۇلۇپ جىنايەتكە، ھارامخورلۇققا مەجبۇرلىنىپ، قارا دوزاخ ئازابىنى تارتىۋاتقانىدەك سەبىيلەرنىڭ كۆز يېشىدىن ھاسىل بولغانىدەك ئېغىر بىر ئىچكى ئازاب ئىلكىدە ئەلەم بىلەن تولغۇنۇپ، لەك ئۇرۇپ ئاقماقتا، چايقالماقتا.

2007 - يىل ئاقسۇ

بۇ ئەسەر «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» 2007 - يىللىق 3 - ساندا ئېلان قىلىنىپ، شۇ يىللىق دەۋران مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

## مەنزىل

ئىلىم ـ ھېكمەت چۆللىرىدىن مەرىپەت ئىزلىگەن قۇل بىز، بولغۇسى ھەربىر قەدەمدىن كۆمۈلمەس ئىزلار ئايان. ئازغان يۈرەك، ھارغان تىلەك، ئەمدى نە قىلماق كېرەك؟ ھەر تىنىقتا بىر سوئال، مەنزىل قايان؟ مەنزىل قايان؟


## مەنزىل تورى ئېلكىتاپ گۇرۇپپىسى

www.Menzil.biz

book@menzil.biz     menzilbiz@163.com